# جوڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني

يىللىق توپلام

1998

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم
واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

1
1998

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة



## ھەدىس شەرىپتىن

# قال رسول الله صلى الله عليه وسلم

من رأى منكم منكرا فليغيره بيده فإن لم يستطع فبلسانه فإن لم يستطع فبقلبه وذلك أضعف الإيمان

رەسۇلۇللا سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدۇركى:
”سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى ھەرىكىتى ئارقىلىق توسسۇن، مۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا، سۆزى ئارقىلىق توسسۇن، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، ئۇنىڭغا دىلىدا نارازى بولسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر.“

(خەتتات: يۇسۇف چېن جىنخۇي)

# دوستانە زىيارەت

## —— ئىسمائىل ئەھمەد ئېفىئوپىيە ۋە مىسىردا زىيارەتتە بولدى

◆ ئالىمجان سابىت

ئېفىئوپىيە فېدېراتىپ دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى تېفېررا ۋالۋا ئەپەندىنىڭ ۋە ئەرەب مىسىر جۇمھۇرىيىتى دىنىي فوند مىنىستىرى زەقزۇقنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلەت كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، 1997-يىل 10-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 9-كۈنىگىچە ئېفىئوپىيە فېدېراتىپ دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ۋە ئەرەب مىسىر جۇمھۇرىيىتىدە رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى، ئېفىئوپىيىدە زىيارەتتە بولغان كۈنلەردە، ئېفىئوپىيە زۇڭتۇڭى نېگاسو ئىسمائىل ئەھمەدنى ۋە بىر قىسىم ئۆمەك ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ جۇڭگولۇق مېھمانلارغا: ”جۇڭگو ئېفىئوپىيىنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى، بۇنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ“ دېدى.

ئىسمائىل ئەھمەد مۇنداق دېدى: جۇڭگو بىلەن ئېفىئوپىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ساغلام، ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقى كېڭىيىۋاتىدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ تارىخىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ۋە مىللەتلەر قورۇلمىسىدا خېلى چوڭ پەرق بولسىمۇ، ئىككى دۆلەت ئوخشاشلا ئۆز خەلقىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىگە دۇچ كەلمەكتە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزئارا ئالاقىنى كۈچەيتىپ، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئەينەك قىلىشى ئىككى تەرەپنىڭ مىللىي خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىلىق.

دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد يەنە ئېفىئوپىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى تېفېررا ۋالۋا بىلەن سۆھبەتلىشىپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر ئەھۋالىنى ۋە مىللەتلەر سىياسىتىنى تونۇشتۇردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېفىئوپىيە خەلق ۋەكىللىرى پالاتاسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نېتروس ۋە فېدېراتىپ پالاتاسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشتى. ۋەكىللەر ئۆمىكى ئېفىئوپىيە جەنۇبىي خەلق مىللەتلەر شىتاتىنىمۇ زىيارەت قىلدى، ئاكسۇم قاتارلىق مەشھۇر تارىخىي شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيىدە بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد ئېفىئوپىيىدىكى زىيارەتنى تۈگىتىپ، مىسىر دىنىي فوند مىنىستىرى زەقزۇقنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 11-ئاينىڭ 2-كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ مىسىرغا رەسمىي دوستانە زىيارەتكە باردى.

مىسىرنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋالى ئەپەندى ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن كۆرۈشتى، ۋالى ئەپەندى جۇڭگولۇق مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە يۇكسەك باھا بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگو بىلەن مىسىرنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن زىددىيەت كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس، ئىككى دۆلەت خەلقئارا ئىشلاردا ئوخشاش ياكى

يېقىن كۆز قاراشتا بولۇپ كېلىۋاتىمىز. دىنىي مەسىلىدە، ۋالى ئەپەندى دىنىنىڭ كۆپ مەنبەلىكىنى، كۆپ خىللىقىنى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەكىتلىدى. ئۇ جۇڭگودا يولغا قويۇلۇۋاتقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ماختىدى.

ئىسمائىل ئەھمەد مۇنداق دېدى: جۇڭگو بىلەن مىسىر دۇنيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد مۇئاۋىن زۇڭلى ۋالىغا جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى، مىللەتلەر ئەھۋالىنى، دىنىي ئىشلارغا دائىر ئەھۋالىنى ۋە مىللىي-دىنىي سىياسىتىنى تونۇشتۇردى.

دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد ئەزھەر شەيخى دوكتور مۇھەممەد سەئىد تانتاۋى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە شەيخ تانتاۋىغا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئىسمائىل ئەھمەد مۇنداق دېدى: جۇڭگودا 18 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان بار، ئۇلار سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ، بارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتلەر دۆلىتىمىز تەرىپىدىن قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىناق، بەختلىك ياشاۋاتىدۇ. شەيخ تانتاۋى مۇنداق دېدى: جۇڭگو چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە، جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى ئورنى ۋە تەسىرى ئىنتايىن مۇھىم، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى قويۇق ئالاقىگە ئىگە.

ئىسمائىل ئەھمەد مىسىر دىنىي فوند مىنىستىرى زەقزۇق بىلەن خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. دوكتور زەقزۇق ئىسمائىل ئەھمەدكە مىسىرنىڭ دىنىي ئىشلار ئەھۋالىنى، دىنىي فوند مىنىستىرلىكىنىڭ ئورگانلىرىنى، ۋەزىپىسىنى ۋە مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئىسمائىل ئەھمەد زەقزۇقنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: جۇڭگو—كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، جۇڭگو مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەۋاتىدۇ. جۇڭگومۇ كۆپ دىنلىق دۆلەت، دۆلىتىمىز پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدايدۇ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىدۇ. ئىسمائىل ئەھمەد يەنە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق دۆلەتتە ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەش كېرەك، جۇڭگو ۋەتەنىمۇ، دىنىمۇ سۆيۈشنى، دىنىنى سۆيۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ۋەتەننى سۆيۈش كېرەكلىكىنى، دىنىنىڭ ۋەتەن قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسمائىل ئەھمەد دوكتور زەقزۇققا جۇڭگونىڭ مىللىي، دىنىي خىزمەت ئورگانلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى تونۇشتۇردى.

زىيارەت مەزگىلىدە، ئىسمائىل ئەھمەد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مىسىرنىڭ مەشھۇر ئاسارئەتىقىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئالېكساندرىيە، ئىسمائىلىيە قاتارلىق مەشھۇر تارىخىي شەھەرلەرنى زىيارەت قىلدى.

يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا قىلغان تۇنجى قېتىملىق زىيارىتى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، جۇڭگو خەلقىنىڭ، جۈملىدىن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېفىئوپىيە ۋە مىسىر خەلقى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىسىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى ئېفىئوپىيە ۋە مىسىردىكى رەسمىي زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىدە بەش كۈن ئېكسكۇرسىيىدە بولدى.

www.uyghurkitap.com

# دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار

مۇھەممەد سالىھ

"دۇئا" سۆزى تىلغا ئېلىنسىلا مۇناسىۋەتلىك چاغلاردا ئىپتىلىۋېرىپ، كىشىلەرنىڭ تىلىغا رام بولۇپ قالغان "دۇئا قىلدى، دۇئا ياندۇردى، دۇئاغا قول كۆتەردى، دۇئا ئالدى، دۇئا بەردى، دۇئادا ياد ئەتتى، دۇئالىرى بەرىكاتىدى، دۇئانىڭ خاسىيىتى، خەيرلىك دۇئا، دۇئا تەكبىر، دۇئا تەلەپ، دۇئا تىلاۋەت، دۇئايى سالام، دۇئاگۇي، دۇئايى خەير، دۇئايى خالىس، ئۇلۇغ دۇئا، دۇئاخان، بەتدۇئا" قاتارلىق سۆزلەر كىشىنىڭ ئېسىگە كېلىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر يولدا كېتىۋېتىپ كۆرۈشكەن چاغلىرىدىمۇ، ئۆزئارا ئۆيلىرىگە بېرىشىپ پاتىھە ئوقۇپ ئولتۇرۇشقان چاغلىرىدىمۇ، "ئاللاھۇئەكبەر" دېيىشىپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ يۈزلىرىنى سىپايدۇ. تاماقتىن كېيىنمۇ دۇئا قىلىشىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ رەسمىي دۇئا ھېسابلىنىش-ھېسابلانماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇئا ئوقۇمىنىڭ يۇرتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېڭىغا نەقەدەر چوڭقۇر سىڭگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

مەن تۆۋەندە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئالاھىدە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان دۇئا ئۈستىدە توختىلىپ، دۇئانىڭ تەرىپى، خاسىيىتى، پەزىلىتى، دۇئانىڭ شەرتلىرى، دۇئانىڭ قائىدىلىرى، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان چاغلار ۋە جايلار، ئەنبىيا-ئەۋلىيالارنىڭ دۇئالىرىدىن نەمۇنىلەر، دۇئانىڭ پايدىسى ۋە ئۈنۈمى، دۇئا بىلەن تەقدىرنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ماقالىنىڭ ئاخىرىدا مۇسۇلمان ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆرلۈك مەزمۇندىكى خاسىيەتلىك دۇئالار، مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ۋە جايلاردا ئايرىم ئوقۇلىدىغان مەخسۇس دۇئالارنىڭ ئەسلى ئەرەبچە تېكىستىنى تەرجىمىسى بىلەن قوشۇپ بەرمەكچىمەن.

## 1. دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيىتى

**دۇئا** —— ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ. دۇئا ئاللاتائالاغا بەندىچىلىك قىلىشنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىدۇر. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق ئىبادەتنى ھۇزۇرى قەلب بىلەن ئاللاتائالانى كۆز ئۇڭىدا تۇتۇپ، ئەستايىدىل قىلىش ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەردىندۇر. بىچارىلىك ئىزھار قىلىنىپ، تەۋەززۇ بىلەن سەمىمىي قىلىنغان دۇئادا بۇ ھالەت تولۇقى بىلەن تېپىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە: "دۇئا ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى" دېيىلگەن. «قۇرئان كەرىم» نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپلىگەن ھەدىسلىرىدە دۇئانىڭ ئەھمىيىتى، پەزىلىتى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرى بايان قىلىنغان، دۇئا قىلىشقا تەرغىب قىلىنغان.

"مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ..." (2-سۈرە، 186-ئايەت). "پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىچىڭلاردا دۇئا قىلىڭلار، دۇئادا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللا ياقتۇرمايدۇ" (7-سۈرە، 55-ئايەت). "ئېيتقىنكى 'ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، پەرۋەردىگارىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ' ..." (25-سۈرە، 77-ئايەت). "پەر-ۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: 'ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ' " (40-سۈرە، 60-ئايەت).

«سۈنەن ئەبۇ داۋۇد» كىتابىدا نۇئمان ئىبنى بەشىر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: "دۇئا قىلىشنىڭ ئۆزى بىر تۈرلۈك ئىبادەتتۇر". يەنە «سۈنەن تىرمىزى» كىتابىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: "ئاللانىڭ نەزىرىدە دۇئادىن قىممەتلىك نەرسە يوق" دېيىلگەن، يەنە بىر ھەدىستە: "ھاجىتىنى ئاللادىن سورىمىغان ئادەمگە ئاللا غەزەپ قىلىدۇ" دېيىلگەن. يەنە بىر ھەدىستە: "ئاللادىن ھاجىتىنى تىلىمىگەن ئادەمگە ئاللا غەزەپ قىلىدۇ" دېيىلگەن. "دۇئا مۆمىنىنىڭ قورالىدۇر، دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ نۇرىدۇر"، "دۇئادا بوشاپ قالماڭلار، دۇئا قىلغان ھېچبىر ئادەم ھالاك بولمايدۇ". يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئاللانىڭ دەرگاھىدا دۇئانىڭ ئورنىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېتىمىز. دۇئا بەندىنى ئاللاغا ئۇلاشتۇرىدىغان رىشتە، ئاللاغا يېقىن بولۇشنىڭ ئاللامىتى سۈپىتىدە قارىلىدىغان شەرەپلىك ئىبادەت. ئاللاتائالا بەندىلەرنى ئۆزىگە دۇئا تەلەپتە بولۇشقا بۇيرۇغان، پەزلى كەرىمگە ئېلىپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشقا كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بوينى قويماسلىقتىن دۇئانى تەرك ئېتىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم خورلانغان ھالدا دوزاخقا كىرىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان. قايسىبىر ئەرەبچە شېئىردا دۇئاغا مۇنداق تەرغىب قىلىنغان:

ھاجىتىڭ بولسا تىلە ئول كەڭ كەرەملىك تەڭرىدىن،
قىلمىغىن ھەرگىز كىشىدىن تەلمۈرۈپ ھاجەت تەلەپ.
بەندىدىن نەرسە تەلەپ قىلساڭ بولۇر سەندىن خاپا،
گەر تەلەپ قىلساڭ خۇدادىن خۇش بولۇر قىلماس غەزەپ.

ئاللاتائالا بەندىلىرىنى دۇئا ئارقىلىق ئاللاغا يۈزلىنىشكە بۇيرۇغان. دۇئا ئىنساننى ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاغا باغلاپ تۇرىدۇ. دۇئا ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر خىل تۇغما ھالەت بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ئۆز بېشىغا كۈلپەت چۈشكەندە، تەبىئىي رەۋىشتە ئاللاغا يالۋۇرۇپ سېغىنىدۇ، بېشىغا كەلگەن دەرد-ئەلەمنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ نۇقتا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: "ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلسا يۈز ئۆرۈيدۇ، ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە ئۈزلۈكسىز دۇئا قىلىدۇ" (4-سۈرە، 51-ئايەت). "ئىنسانغا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسە، ياتسىدۇ، ئولتۇرسىدۇ، تۇرسىدۇ (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يەتكەن زىيان-زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى

www.uyghurkitap.com

**كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى»** (10-سۈرە، 12-ئايەت). يۇقىرىقى ئايەتلەردە يەنە بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئاللانى ياد ئېتىپ ھە دەپ ئىلتىجا قىلىدىغان، خاتىرجەملىك كۈنلەردە ياكى بېشىدىكى ئېغىرچىلىق كۆتۈرۈۋېتىلگەندە ئاللانى ئۇنتۇپ كېتىدىغان، ئىلگىرىكى يامان ئىشلىرىدىن قول ئۈزمەي يەنىلا ئۇنى داۋاملاشتۇرىدىغان كىشىلەر ئەيىبلىنىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە يۇقىرىقى مەزمۇن دېڭىزدا كېتىۋېتىپ غەرق بولۇپ كېتىش خەترىگە دۇچ كەلگەن، ئەمما ئاللاتائالانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىپ، غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلۇپ قالغان كىشىلەر مىسال قىلىنىپ مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ: **«ئاللا سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا، دېڭىزدا سەپەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزمى قىلىدۇ، 'ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز' دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ. ئاللا ئۇلارنى (بۇ بالادىن) قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئى ئىنسانلار، بۇزغۇنچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ...»** (10-سۈرە، 22—23-ئايەتلەر). ھالاكەت ئېغىزىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان مۇنداق كىشىلەر ئاللاغا ئاسىيلىق قىلماسلىقى، ئاللانىڭ پەزلى-مەرھەمىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللانىڭ ئىبادىتىگە بېرىلىشى، قىسقىسى، بەندە بېشىغا كەلگەن ھادىسە، خەۋپ-خەتەرنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلىشى بەندىنىڭ ئاللانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىشكە تۈرتكە بولۇشى لازىم. كىشىنىڭ بەندىچىلىك يۈزىسىدىن كەڭچىلىك كۈنلەردىمۇ ئاللاغا يۈزلىنىپ، دۇئا تەلەپتە بولۇپ تۇرۇشى زۆرۈر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «باياشات كۈنلىرىڭدە ئاللانى تونۇساڭ، بېشىڭغا قاتتىق كۈن كەلگەندە ئاللامۇ سېنى تونۇيدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «قىيىن ئەھۋالدا قالغان چاغلىرىمدا قىلغان دۇئايىم ئىجابەت بولۇپ خۇشاللىناي دېگەن ئادەم كەڭتاشچىلىق-پاراۋانلىق كۈنلىرىدە كۆپ دۇئا قىلسۇن» دەيدۇ. كىشى خاتىرجەملىك چاغلىرىدا ئاللانى ياد ئېتىپ تۇرسا، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئاللا ئۇنى تاشلىۋەتمەيدۇ. دېمەك، كىشى ئەمەلنى تۈزەپ ھەمىشە پەرۋەردىگارنى ئەسلەپ دۇئا قىلىپ تۇرسا، ئېغىر كۈنلەردە قىلىدىغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ئاساس ھازىرلىغان بولىدۇ. ئىنسان ھاياتلىقتا مەيلى راھەت كۆرسۇن، مەيلى جاپا چەكسۇن، ھامان سىناق ئۈستىدە تۇرىدۇ، **«بىز سىلەرنى يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز»** (21-سۈرە، 35-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). مۇسۇلمان كىشى ئىككىلا ھالەتتە پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويمايدۇ. ئاللاغا سېغىنىپ تۇرۇشنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. راھەت-پاراغەتتە بولغاندا ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئاللانىڭ ئاتاسىنىڭ شۈكۈرانىسىنى ئادا قىلىدۇ. مېھنەتتە قالغاندا ئۆزىگە سەۋر-تەھەممۇلنى دوست تۇتۇپ چىدامىلىق كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدە بۇ مەزمۇن ئىخچام رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان: «مۆمىن ئادەم بىرەر نەرسىگە ئېرىشسە شۈكۈر قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسىمۇ سەۋر قىلىدۇ، مانا بۇ مۆمىنلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. مۆمىن ئادەمنىڭ ھەممە ئىشىنىڭ ياخشى بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىشتۇر» (بۇنى سەھى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). دۇئا كىشىنى روھىي جەھەتتىن

داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ، كىشى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، دەرد ـ ئەلەملەرنى يېڭىشتا يېقىن دوست ياكى سىرداش كىشىنىڭ بولۇشىنى خالاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھال ـ مۇڭ ئېيتىشسا، ئۆزىدە بىر خىل يەڭگىللىك ھېس قىلىدۇ، روھىي كېسەل دوختۇرلىرىنىڭ قارىشىچە، نېرۋىنىڭ جىددىيلىشىشىنى ۋە روھىي كېسەللەرنى داۋالاش يېقىن بىر سىرداشقا بولۇشقا زور دەرىجىدە باغلىق بولۇپ قالىدۇ، تەبىئىيكى دەردنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋېرىش كېسەلنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، غەمكىن ئادەم پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلىپ، كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلىپ تىلىكىنى سورىسا، كۆڭلى ئارام تاپىدۇ ۋە غەمدىن خالاس بولغاندەك بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ۋاقىتتا، ئاللانى ئۆزىگە يېقىن ھېس قىلىپ، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىدۇ دەپ چىن كۆڭلى بىلەن ئېتىقاد قىلىدۇ. دۇئا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئاللاغا قۇربەت ھاسىل قىلغان تەقۋادار بەندىلەرنىڭ ئاللاغا سېغىنىشتىكى پاناھگاھى، پەرۋەردىگارىغا يۈزلىنىشتىكى ئىلتىجاگاھى بولغان، ئۇلارنىڭ ھەر چاغ ھەپىلىشىدىغان ئىشىغا ئايلانغان، ئۇلار بېشىغا كۈن چۈشكەندە، دەرد ـ ئەلەم كەلگەندە، مۇشكۈلچىلىكلەرگە يولۇققاندا، پەرۋەردىگارىدىن تۈرلۈك ھاجەتلىرىنى سورىغاندا، ئاللانىڭ ئەپۇ ـ مەغپىرىتىنى تىلىگەندە، ئاللانى سېغىنىپ دۇئا قىلىشقان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: "پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن" دەپ دۇئا قىلغان، ئاللا «قۇرئان كەرىم»دە ئۇنىڭغا بىر مۇلايىم ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەنلىكىنى ئېيتقان. يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى بىنا قىلغاندا، ئوغلى ئىسمائىل بىلەن بىرلىكتە ئاللاغا يۈزلىنىپ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىنى ئاللانىڭ قوبۇل قىلىشىنى سوراپ دۇئا قىلغان، شۇنداقلا ئۇلار دۇئا قىلغاندا، ئەۋلادلىرىنىمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان، "**پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن دۇئايىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن**" (2 ـ سۈرە، 127 — 128 ـ ئايەتلەر). يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلغان چاغدا، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا قىلىش ئارقىلىق تەسەللىي تاپقان: "**مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە ئاللا مەدەتكاردۇر**" (12 ـ سۈرە، 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). يۈسۈف ئەلەيھىسسالام مىسىر پادىشاھىنىڭ خانىشىدىكى چاغدا، شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىگە يولۇققان، بۇ چاغدا، ئۇ شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن ئاللاغا سېغىنغان، ئۇنىڭغا زۇلەيخانىڭ دېگىنىگە كۆنمىسە زىندانغا تاشلىنىشى بىلەن تەھدىت سېلىنغاندا، ئاللاغا يۈزلىنىپ "**ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر**" دەپ دۇئا قىلغان (12 ـ سۈرە، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ئاللا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىدىن ساقلىغان.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ مەرھەمەت قىلىپ پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ "**ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىساڭ دەپ**" دۇئا قىلغان (21 ـ سۈرە، 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردىن چىققاندا، قەلبىنى قورقۇنچ قاپلىغان، ئاللادىن باشقا مەدەتكار بولمىغان ئەھۋالدا "**پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن**" دەپ مۇناجات قىلغان (28 ـ سۈرە، 21 ـ ئا-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەت). يۇنۇس ئەلەيھسسالامنى بېلىق يۇتۇۋەتكەندە، بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپمۇ ئۈمىدسىزلەنمەي، بىلىنغان ھالدا دۇئا قىلىپ: "**(پەرۋەردىگارىم!) سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم**" دەپ نىدا قىلغان (21-سۈرە، 87-ئايەت). ئاللاتائالا: "**ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز**" (21-سۈرە، 88-ئايەت) دېگەن سۆزى بىلەن يۇنۇس ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەردىن قۇتقۇزىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بەرگەن. ئەييۇب ئەلەيھسسالام كېسەل چىرمىۋالغان، زىيان-زەخمەتلەرگە يولۇققاندا، ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلغان: "**ئۆز ۋاقتىدا ئەييۇب پەرۋەردىگارىغا: 'ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن' دەپ دۇئا قىلدى**" (21-سۈرە، 83-ئايەت). ئاللاتائالا ئەييۇپ ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ كېسەللىرىنى ساقايتقان، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان-زەخمەتلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگەن. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ: "**ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا، بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق)**" (21-سۈرە، 84-ئايەت).

ئاللا ئىمانىنى زىيادە قىلغان ئەسھابۇلكەھف يىگىتلىرى ئۆز ئەقىدىسىنى ساقلاش يۈزىسىدىن زالىم پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ غارغا پاناھلانغان، ئۇلار: "**پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن**" (18-سۈرە، 10-ئايەت) دەپ ئاللاغا سېغىنىپ دۇئا قىلغان، ئاللا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىش يۈزىسىدىن مۇنۇ ئايەت بىلەن بېشارەت بەرگەن: "**پەرگەردىگارىڭلار سىلەرگە كەڭ رەھمەت قىلىدۇ، ئاللا سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ**" (18-سۈرە، 16-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇلارنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغان.

بىز يۇقىرىقىلاردىن ئاللانىڭ تاللانغان ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋە مۆمىن بەندىلىرىنىڭ بارچە مۇراد-مەقسەتلىرىنى ئاللادىن سورايدىغانلىقىنى، دۇئانى بارلىق غەم-غۇسسىلاردىن خالاس تېپىشنىڭ قورالى، باشقا چۈشكەن كۆلپەتلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى، بالا دېڭىزىغا غەرق بولغاندا، نىجات تېپىشنىڭ كېمىسى قىلغانلىقىنى كۆرىمىز، ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرى مۆمىنلەر ئۈچۈن شانلىق نەمۇنىلەردۇر. مۇسۇلمان بەندىلەر ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغاندىلا ھىدايەت تاپالايدۇ، مۇشكۈل پەيتلىرىدە، جىددىي ھالەتلەردە دۇئانى تىلىغا رام، دىلىغا ئارام قىلالىغان ئۇلارغا ئوخشاش بەندە مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، يامان ئادەملەردىن ناچار خاھىش، يامان كەيپىياتنى يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش دۇئا قىلغۇچىنىڭ نەپسىنى تازىلىشى، قەلبىنى پاكلىشى، شۇنىڭ بىلەن دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يول ھازىرلىشىغا پايدىلىق ئامىلدۇر. «قۇرئان كەرىم» دىكى مۇنۇ ئايەتتە ياخشى دوست، ئوبدان ھەمراھ تاللاش تەشەببۇس قىلىنغان: "**سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن**

**سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزىگە) ئەگەشمىگىن"** (18-سۈرە، 28-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە: "ياخشى ھەمراھ خۇددى ئىپار ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ. ناچار ھەمراھ خۇددى تۆمۈرچىنىڭ كۆيۈكىگە ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىنىڭ ياكى ئىپاردىن سېتىۋالسەن ياكى ئىپارنىڭ خۇش ھىدىنى پۇرايسەن. تۆمۈرچىنىڭ كۆيۈكى بولسا بەدىنىڭنى يا كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى بۇرنۇڭغا كىرىدۇ" دېيىلگەن. ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ھەرقانداق ياخشى ئىش بىكارغا كەتمەيدۇ. بېشىغا دىشۋارچىلىق كەلگەن ئىنسان ئۆزىنىڭ خالىس قىلغان ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىكى **"ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن"** دېگەن ئايەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ. كىشى قىلغان ياخشى ئەمەلىنى ۋاستە قىلىپ دۇئا قىلسا، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا بۇنىڭ پايدىسى تېگىدۇ. ئۆتكەنكى ئۈممەت كىشىلىرىنىڭ بىر قىسسىسىدە بۇنىڭ ئەمەلىيىتى كۆرۈلگەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئۈچ نەپەر ئادەم بىرلىكتە سىرتقا چىقىدۇ، ئۇلار يامغۇردا قېلىپ بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ، بۇ چاغدا بىر قورام تاش يۇقىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ غارنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، ئۆزئارا ھاياتىمىزدا ئىشلىگەن ئەڭ ئەۋزەل ئەمەلىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاغا سېغىنايلى دېيىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى: ئى ئاللا، مېنىڭ ياشىنىپ قالغان قېرى ئاتا-ئانام بار ئىدى، مەن پادا باقاتتىم، ماللارنى سېغىپ كېلىپ ئالدى بىلەن سۈتنى ئاتا-ئانامغا ئىچكۈزۈپ، ئاندىن سەغىرە باللىرىمغا ۋە ئەھلى ئاياليمغا ئىچكۈزەتتىم، بىر ئاخشىمى كېچىكىپ قالدىم، سۈتنى ئېلىپ كەلسەم ئاتا-ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇلارنى ئويغىتىشنى خوپ كۆرمىدىم. باللار قورسىقى ئاچ ھالدا ئايىغىمدا يىغلاپ تۇرۇشاتتى. سۈتنى ئالدى بىلەن ئاتا-ئانامغا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن سۈبھى يورۇپ ئۇلار ئويغانغۇچە قاچىدىكى سۈتنى تۇتۇپ كۈتۈپ تۇردۇم. ئى ئاللا ئەگەر مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزگە ئاسماننى كۆرەلىگۈدەك يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ، دېۋىدى، قورام تاش ئازراق كۆتۈرۈلدى. يەنە بىر ئادەم: ئى ئاللا ساڭا مەلۇمكى، مەن تاغامنىڭ قىزىنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇشنى تەلەپ قىلدىم، ئۇ يۈز دىنار بەرسەم ئاندىن ئۇنايدىغانلىقىنى ئېيتتى، يۈز دىنار تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم، ئۇ ئىختىيارىنى ماڭا تاپشۇردى. ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولغىنىمدا، ئۇ: ئاللادىن قورققىن، نىكاھسىز يېقىنلاشمىغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تاشلاپ كەتتىم، ئى ئاللا سېنىڭ رازىلىقىڭنى دەپ مېنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ بىزگە چوڭراق يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ، دېۋىدى، قورام تاشنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى كۆتۈرۈلدى. يەنە بىرسى: ئى ئاللا، ساڭا مەلۇمكى، بىر مەدىكارنى ئىش ھەققىگە بىر فەرق (74.122 كىلوگرامغا تەڭ — ت) قوناق بېرىشكە سۆزلىشىپ ئىشلەتتىم، ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ ئىش ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە بەرمەكچى بولغان قوناقنى تېرىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلىپ قويدۇم. ھوسۇل كۆپىيىۋەردى، ئۇنىڭغا چارۋا ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى قۇل ئېلىپ قويدۇم. بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ كېلىپ: ئى ئاللانىڭ بەندىسى ئىش ھەققىمنى بەرگىن، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ئاشۇ چارۋىلار ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى ھەممىسى سېنىڭكى دېدىم. ئۇ: مېنى زاڭلىق

كىتاب تورىمىز www.uyghurkitap.com

قىلمۋاتامسەن؟ دېدى. مەن ئۇنىڭغا: زاكىلىق قىلمۋاتقىنىم يوق، ئۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىش ھەققىڭ بولىدۇ، دېدىم. ئى ئاللا يۇقىرىقى ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلسەڭ، بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن غارنىڭ ئاغزىدىكى قورام تاش پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار غاردىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقتى».

## 2. دۇئانىڭ شەرتلىرى

دۇئـانىڭ بىرمۇنچە شەرتلىرى بار، دۇئا قىلغان ئادەم دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن مەزكۇر شەرتلەرنى ئورۇنلىشى كېرەك بولىدۇ. ئالدىنقى شەرت دۇئا قىلغۇچىنىڭ يېمىكى، ئىچمىكى، كىيىم-كېچىكى ھارام ئارىلاشمىغان، ھالال رىزقىدىن بولۇشى كېرەك. مۇسۇلمان ئادەم ھالال رىزقىنى ئىزدەيدىغان، ھارامدىن ساقلىنالايدىغان بولۇشى لازىم. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئى ئىنسانلار، يەر يۈزىدىكى ھالال (يەنى ھالال يول بىلەن كەلگەن) پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر"** (2-سۈرە، 168-ئايەت). ئاللاتائالا جىمى نۇقسانلاردىن پاكتۇر، پەقەت پاك ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگىنىنى رىۋايەت قىلىنغان: "ئى ئىنسانلار! ئاللا جىمى نۇقسانلاردىن پاكتۇر، پەقەت پاك ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ"، ئاللا پـەيـغەمبەرلەرنى نېمىگە ئەمر قىلغان بولسا، مۆمىنلەرنىمۇ شۇنىڭغا ئەمر قىلىپ مۇنداق دېگەن: **"ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن"** (23-سۈرە، 51-ئايەت). يەنە ئاللاتائالا: **"ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاغا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاغا (يەنى ئاللانىڭ ھەددى-ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار"** (2-سۈرە، 172-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بىر ئادەمنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن: "(ئۇ ئادەم) (پۇل-مال توپلاش يولىدا) تولا سەپەر قىلىپ، باش-كۆزلىرى توپا-توزان، كىرلىشىپ كەتكەن ھالدا، ئى رەببىم، ئى رەببىم، دەپ ئىككى قـولىنى ئاسمانغا سوزىدۇ، ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگىنىمۇ، ئىچكىنىمۇ، كىيگىنىمۇ ھارامدۇر، ئوزۇقلانغىنىمۇ ھارامدۇر، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى قوبۇل قىلىنسۇن؟" (بۇ ھەدىسـنى مۇسـلىم بىـلەن تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ئىبنى ئابباس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: " 'ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال-پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار' دېگەن ئايەتنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئوقۇغاندىم. سەئىد ئىبنى ۋەققاس ئورنىدىن تۇرۇپ : "ئى رەسۇلۇللا! ماڭا دۇئا قىلساڭ، ئاللاتائالا مېنى مېنىڭ قىلغان دۇئايىم ئىجابەت بولىدىغان بەندە قىلسا، دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئى سەئىد! يېگەن تامىقىڭ ھالال بولسۇن، شۇ چاغدا قىلغان دۇئايىڭ قوبۇل بولىدۇ، بىرەر ئادەم قارنىغا ھارام لوقما قاچىلايدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان قىرىق كۈنلۈك ئەمەلى قوبۇل بولمايدۇ، قايسىبىر بەندە بولمىسۇن، ھارام مال ۋە جازانە يەپ سەمرىدىكەن، ئۇنىڭغا دوزاخ ئەڭ لايىقتۇر" دېگەن.

دۇئا قىلغۇچى ئادەم دۇئادىن ئىلگىرى قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن تەۋبە قىلىشى، گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللادىن مەغپىرەت تىلىشى لازىم. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاتائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە ئاللادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ھەققىدە تەلىم بەرگەنلىكى ھېكايە قىلىنىپ: "(ئۇلارغا) ئېيتتىم: **پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ،**

سلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ" (71-سۈرە، 10—12-ئايەتلەر) دەيدۇ. يەنە ئاللاتائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن ھېكايە قىلىپ: "ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، ئۇ سلەرگە كۆپ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سلەرگە تېخىمۇ كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، سلەر گۇناھقا چۆمگەن ھالدا (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار" دەيدۇ(11 -سۈرە، 52-ئايەت) . يەنە ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: "رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللا ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر" (110-سۈرە، 3 -ئايەت) .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى ئاللاتائالادىن داۋاملىق مەغپىرەت تىلىسە، ئاللا ئۇنى غەملەردىن خالاس قىلىدۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭغا رىزىق ئاتا قىلىدۇ". ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: "شۈبھىسىزكى، مەن بىر كېچە-كۈندۈزدە ئاللادىن 70 قېتىمدىن ئارتۇقراق مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن." تەۋبە بىلەن ئىستىغپار بەندىنى ئاللاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ، بەندىنىڭ قەلبىدىكى ئىمان نۇرىنى يورۇتىدۇ، ئۇنى ياخشى بەندىلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ.

ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتۇش، چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يېنىش بەندىنىڭ دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇش-بولماسلىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم بىز دۇئا قىلساق نېمىشقا دۇئايىمىز ئىجابەت بولمايدۇ؟ دەپ سورىغۇچىلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: "سلەر ئاللانى تونۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىدىڭلار، پەيغەمبەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشمىدىڭلار، قۇرئاننى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلمىدىڭلار، ئاللانىڭ نېمەتلىرىنى يەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ شۈكۈرانىسىنى ئادا قىلمىدىڭلار دوزاخنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قاچمىدىڭلار، شەيتاننى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلماي، ئۇنىڭغا ئەگەشتىڭلار، ئۆلۈمنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلمىدىڭلار، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئەيىبىنى قويۇپ كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كولىدىڭلار".

دۇئا قىلغان ئادەم ئالدى بىلەن قەلبىنى پاكلىشى، نىيىتىنى توغرىلىشى، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ دۇئاغا كىرىشىشى لازىم. تاھارەت مۆمىن ئادەمنىڭ قورالى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. دۇئانى قىبلىگە قاراپ قىلغان ياخشى، «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشنى تىلەپ) قايتا-قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارغا مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار" (2-سۈرە، 144-ئايەت) . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش يۈزىسىدىن ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىش، ئاندىن ئىككى قول بىلەن يۈزنى سىپاش لازىم، ئىبنى ئۆمەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: " پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلاتتى، دۇئا ئاياغلاشقاندا ئىككى قولى بىلەن يۈزنى سىپايتتى." دۇئا قىلغۇچى كىشى دۇئاسىنى ئاللاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش بىلەن باشلاش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

www.uyghurkitap.com

مۇنداق دېگەن: "ئاللاتائالادىن ھاجىتىڭلارنى سورىماقچى بولساڭلار، ئالدى بىلەن ماڭا دۇرۇت ئېيتىپ ئاندىن سوراڭلار. مۇنداق بولغاندا ئاللاتائالا دۇرۇتنى قوبۇل قىلىپ، سورىغان ھاجىتىڭلارنى راۋا قىلماي قالمايدۇ".

دۇئا قىلغان ئادەم يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تووۋلاپ دۇئا قىلماسلىقى لازىم، چۈنكى دۇئا قىلىۋاتقان ھالەت ئاللاغا تۆۋەنچىلىك نەزىرى بىلەن يېلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ، ھۇزۇرى قەلب ھەم ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىشقا تىنچ، جىمجىتلىق كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "**پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغاندا كەلسە-كەلمەس سۆزلەپ، تووۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللا ياقتۇرمايدۇ**" (7-سۈرە، 55-ئايەت). ئاللاتائالا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ياقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "**ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى**" (19 -سۈرە، 3-ئايەت). ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "بىز سەپەر ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق، كىشىلەر ۋارقىراپ تەكبىر ئېيتىقىلى، دۇئا قىلغىلى تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋازىڭلارنى پەسەيتىڭلار، سىلەر گاسنى ۋە غايىبنى چاقىرىۋاتقىنىڭلار يوق، ئاللا سىلەر بىلەن بىللە، ئاللا ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، يېقىندۇر" دېدى. دۇئا قىلغان ئادەم دۇئانى ئالدى بىلەن ئۆزىگە، ئاندىن باشقىلارغا قىلسا بولىدۇ. بۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى بىر قىسىم دۇئالارنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە بىر جامائە مۆمىنلەر تىلىدىن بىزگە تەلىم بېرىش يۈزىسىدىن مۇنداق دەيدۇ: "**ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: 'پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن' دەيدۇ**" (59-سۈرە، 10-ئايەت). نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دۇئا قىلغان: "**پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا-ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن**" (71-سۈرە، 28-ئايەت).

## 3. دۇئا قوبۇل بولىدىغان چاغلار ۋە جايلار

ئاللاتائالا ئىلتىجا قىلغۇچىلارنىڭ، سېغىنىپ دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى قايسى ۋاقىتتا، قايسى چاغدا بولمىسۇن ئاڭلاپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ دۇئانىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن كۆزدە تۇتۇلىدىغان شاراپەتلىك ۋاقىتلار، شاراپەتلىك جايلار بولىدۇ. تاللانغان ۋاقىت ۋە ئالاھىدە جايلاردا قىلىنغان دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ئىجابەت بولۇش ئېتىبارى بىلەن تېخىمۇ زور بولىدۇ. يىلدا بىر كېلىدىغان ھارپا كۈنى، شبى قەدىر كېچىسى، ئايلار ئىچىدە رامىزان ئېيى، ھەپتە كۈنلىرى ئىچىدە جۈمە كۈنى، نىسپىي شەب (يېرىم كېچە)، نامازغا ئەزان تووۋلانغان چاغ، سەجدىدىكى چاغ، قۇرئان تىلاۋىتى ئاياغلاشقان چاغ، بولۇپمۇ قۇرئان خەتمىسى تۈگىگەن چاغ، يامغۇر ياغقان چاغ، پەرز ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىنكى چاغ، سەھەر ۋاقتى، ئەزان بىلەن ئىقامەت ئارىسىدىكى چاغ قاتارلىق چاغلار قىلىنغان دۇئا قوبۇل بولىدىغان ۋاقىتلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئەزان بىلەن ئىقامەت ئارىسىدىكى ۋاقىت ئىچىدە قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ" دېگەن. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغان چاغدا، ھەر كېچىسى پەرۋەردىگارىمىز دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ: 'دۇئا قىلغانىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، سورىغانىنىڭ تىلىگىنىنى بېرىمەن، ئىستىغپار ئېيتقانغا مەغپىرەت قىلىمەن' دەيدۇ" دېگەن. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بەندە سەجدە قىلغان

چېغىدا پەرۋەردىگارىغا ئەڭ يېقىن ھالەتتە بولىدۇ. (بۇ چاغدا) دۇئانى كۆپ قىلىڭلار" دېگەن. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە: "ئۇلار سەھەرلەردە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ" دەيدۇ. ئىپتىلىشلارغا قارىغاندا، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام سەھەردە دۇئا قىلىش ئۈچۈن بالىلىرىغا خىتاب قىلىپ: "سىلەرگە پەرۋەردىگارىمدىن مەغپىرەت تىلەيمەن" دېگەن. ئۇ سەھەر ۋاقتىدا تۇرۇپ دۇئا قىلغان. بالىلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئامىن دېيىشىپ بەرگەن. ئاللاتائالا يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا: "**بالىلىرىڭنى مەغپىرەت قىلدىم، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلدىم**" دەپ ۋەھىي قىلغان. سەھەر ۋاقتى ئىنساننىڭ دىلى ساپ بولىدىغان چاغدۇر. مۇجاھىد: "پەرز نامازلار ياخشى پەيتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، پەرز نامازدىن كېيىن سىلەر دۇئا قىلىڭلار" دېگەن. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "بىز شام نامىزىغا ئەزان چىققاندا دۇئا قىلىشقا بۇيرۇلغانىدۇق" دېگەن. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: "ھەربىر كېچىدە شۇنداق بىر سائەت باركى، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشىدىن بىرەر ياخشىلىقنى ئاللاتائالادىن تىلىشى شۇ سائەتكە توغرا كېلىپ قالىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بەرمەي قويمايدۇ" دېيىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: "روزا تۇتقان ئادەمنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ" دېگەن.

دۇئا قوبۇل بولىدىغان مۇبارەك جايلار بولىدۇ. ئۇلار: مەسچىتلەر، جۈملىدىن مەككىدىكى مەسجىدى ھەرام، مەدىنىدىكى مەسجىدى نەبەۋى دەپ ئاتىلىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتى، بەيتۇلمۇقەددەستىكى مەسجىدى ئەقسا، مەككەمۇكەررەمە، مەدىنەمۇنەۋۋەرە، ئەرەفات، كەئبەشەرىفە، مولتەزەم، مىزابنىڭ ئاستى، زەمزەم قۇدۇقى جايى، سەفا-مەرۋە، مىنا، مۇزدەلىفە، ماقامى ئىبراھىم، شەيتانغا تاش ئاتىدىغان ئۈچ جاي قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. يۇقىرىدىكى جايلاردا كىشىنىڭ قەلبى ساپ بولىدۇ، قەلب ھۇزۇرى بىلەن ئاللاغا يۈزلىنىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان ئادەم مۇنداق جايلاردا ئاللاغا كۆپرەك ئىلتىجادا بولۇشى ۋە ئاللانىڭ پەزلى-مەرھەمىتىنى، رەھمىتىنى، مەغپىرىتىنى، ئۆزىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەختىنى، ئامان-ئېسەنلىكىنى تىلەپ كۆپرەك دۇئا قىلىشى لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: "ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ قىلغان دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ: روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئىپتار قىلغان چېغىدا قىلغان دۇئاسى، ئادىل خەلىپىنىڭ قىلغان دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئادەمنىڭ دۇئاسى. زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئاللاتائالا بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دۇئاسىغا ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، پەرۋەردىگار: 'سەلتەنىتىم بىلەن قەسەمكى، بىر مۇددەتتىن كېيىن بولسىمۇ ساڭا چوقۇم ياردەم بېرىمەن' دەيدۇ" دېيىلگەن. يەنە بىر ھەدىستە: "زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن قورقىڭ. زۇلۇم قىلىنغان ئادەمنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللانىڭ ئارىسىدا پەردە-ھىجاب يوق" دېيىلگەن. بۇ ھەدىسلەردە زۇلۇمغا ئۇچرىغان، ئېزىلگەنلەرنىڭ قىلغان دۇئاسىنىڭ زايا كەتمەيدىغانلىقى، ئاللاتائالانىڭ زالىملاردىن، ئەزگۈچىلەردىن چوقۇم ئىنتىقام ئېلىپ بېرىدىغانلىقى، ئاللاتائالانىڭ مەزلۇملارغا ھامان مەدەتكار بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن.

ئەبۇ دەرداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە: "مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بۇرادىرى ھەققىدە غايىبانە قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. دۇئا قىلغۇچىنىڭ بېشىدا بىر مۇئەككەل پەرىشتە تۇرىدۇ. بۇرادىرى ئۈچۈن بىرەر خەيرلىك دۇئا قىلسىلا، مۇئەككەل پەرىشتە: 'ئامىن ساڭىمۇ دېگىنىڭدەك بولسۇن' دەيدۇ" دېيىلگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: "بىرەر كېسەل ئادەمنىڭ قېشىغا كىرسەڭ ئۇنىڭ ساڭا دۇئا قىلىپ قويۇشىنى سورىغىن، ئۇنىڭ دۇئاسى پەرىشتىنىڭ دۇئاسىغا

www.uyghurkitap.com



"ئوخشايدۇ" دېيىلگەن. ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر [illegible] "ھۇزۇرىدا بولمىغان ئادەم ئۈچۈن غايىبانە دۇئا قىلغان ئادەمنىڭ دۇئاسى ئەڭ تېز ئىجابەت بولىدۇ" دېيىلگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: "ئۈچ خىل كىشىنىڭ قىلغان دۇئاسى شەكسىز رەۋىشتە ئىجابەت بولىدىغان دۇئادۇر: ئاتىنىڭ بالىغا قىلغان دۇئاسى، مۇساپىر ئادەمنىڭ دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى" دېيىلگەن. دۇئانى ئۈزۈپ قويماي، ئۈزلۈكسىز قىلىش تەرغىب قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللا ھەقىقەتەن دۇئادا قەتئىي بولغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ" دېگەن. يەنە مۇنداق دېگەن: "سىلەر دۇئانى قوبۇل بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا قىلىڭلار، بىلىڭلاركى ئاللاتائالا ئۇنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان غاپىل قەلبنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە: "سىلەر پەرۋەردىگارىمغا دۇئا قىلسام قوبۇل بولمىدى دەپ ئالدىراپ كەتمىسەڭلارلا، قىلغان دۇئايىڭلار ئىجابەت بولىدۇ" دېيىلگەن.

سەھىھى مۇسلىمنىڭ بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "دۇئا قىلغان بەندە ئالدىراپ كەتمىسە، دۇئاسى گۇناھ ئۈچۈن ياكى بۇرادىرى بىلەن بولغان سىلە رەھىم، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن بولمىسىلا، ئۇنىڭ قىلغان دۇئاسى ھامان ئىجابەت بولىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئالدىراپ كېتىش نېمە؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئالدىراپ كېتىش دېگەن، بەندىنىڭ دۇئا قىلدىم، دۇئا قىلدىم، خۇدا دۇئايىمنى قوبۇل قىلمىدى دەپ ھېرىپ، دۇئانى تاشلاپ قويۇشى" دەپ جاۋاب بەرگەن. قىلىنغان دۇئانىڭ تېز ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەندىمۇ ئۇ بىكارغا كەتمەيدۇ. «سۈنەن تىرمىزى»دا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: "مۇسۇلمان بەندىنىڭ قىلغان دۇئاسىدا گۇناھ بولىدىغان ياكى سىلە رەھىمنى ئۈزۈپ قويىدىغان مەزمۇن بولمىسىلا، ئاللا ئۇنى مۇنداق ئۈچ خىل نەتىجىنىڭ بىرىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ: ياكى ئۇنىڭ دۇئاسىنى چاپسانراق قوبۇل قىلىدۇ ياكى دۇئاسىنىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتكە قالدۇرىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن بىر بالانى دەپئى قىلىدۇ"، ئولتۇرغانلاردىن بىرى: "ئۇنداق بولسا بىز دۇئانى كۆپ قىلىمىز" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللا ھەم سىلەرگە تېخىمۇ زىيادە بېرىدۇ" دەپ ئېيتقان.

قىلغان دۇئا مەيلى ئىجابەت بولسۇن، ياكى ئىجابەت بولمىسۇن ھامان زايا كەتمەيدۇ. دۇئاسى قوبۇل بولغان ئادەمنىڭ ئاللاغا بولغان ئىشەنچىسى، توغرا يولدا مېڭىش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن پەرۋەردىگارىغا تېخىمۇ يۈزلىنىدۇ. دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى گاھى تېز بولىدۇ، گاھى ئاستا بولىدۇ. دۇئانىڭ كېچىكىپ ئىجابەت بولۇشى دۇئانىڭ پايدىسىز بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئېغىرچىلىقتا قالغان بەندىنىڭ قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولماي، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئاللاتائالانىڭ ئۇ بەندىنىڭ سەۋرچانلىقىنى سىناش ئۈچۈن قىلغان سىنىقىدۇر. مېھنەتتە قالغان بەندە دەردكە چىدىماي ئۆزىنى يوقىتىپ قويماستىن غەيرەتلىك بولۇپ، سەئىيە ھەرىكەتتىن توختاپ قالماي، چىدامىلىق كۆرسەتكۈچىلەردىن بولسا، كالامۇللادىكى **"پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ"** (39-سۈرە، 10-ئايەت)؛ **" بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (ئاللاغا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر"** (38-سۈرە، 44-ئايەت)؛ **" بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا،**

**جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان-زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: ’بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز‘ دەيدۇ، ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر"** (2-سۈرە، 155—157-ئايەتلەر) قاتارلىق ئايەتلەردە تەرىپلىنىپ ئالاھىدە مەدھىيىلەنگەن سەۋر قىلغۇچىلار قاتارىدا بولىدۇ.

مۇنداق بەندە چىن دىلى بىلەن دۇئا قىلىپ ئاللانىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشىنى، مەدەت قىلىشىنى سورايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا قىلغان مۇنۇ دۇئاسىدىن ئىلھاملىنىدۇ ۋە ئۇلگە ئالىدۇ: "ئى پەرۋەردىگارىم: مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىم ۋە خەلق نەزىرىدە ھۆرمەت-ئىناۋىتىمنىڭ قالمىغانلىقىدىن ساڭا شىكايەت قىلىمەن. (دىنغا دەۋەت قىلىش نىيىتىدە تائىفقا چىققاندا مۇشرىكلار رەسۇلۇللاغا قاتتىق ئازار-كۈلپەتلەرنى قىلغان) ئەڭ ھۆرمەتلىك زات، سەن ئاجىزلارغا ياردەم بېرىسەن، سەن مېنىڭ رەببىمسەن، مېنى كىمگە تاپشۇرىسەن؟ سېنىڭ ماڭا غەزىپىڭ بولمىسىلا مۇنداق قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلمايمەن". دۇئا مەزمۇن جەھەتتىن ساغلام بولۇشى كېرەك. دۇئانىڭ مەزمۇنى ھايات ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە زىت بولماسلىقى ۋە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئۈستىدە بولماسلىقى لازىم. ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلىش ئەخمەقلىق بولىدۇ. بەندە ھەرقانچە تەقۋادار بولغاندىمۇ سۇ ئۈستىدە مېڭىشنى، ھاۋادا ئۆزى ئۇچۇشنى، ھېچقانداق سەۋەبسىزلا تاغنىڭ ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىشىنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلسا، مۇنداق دۇئا ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى خۇراپات دىن ئەمەس-تە! ئىشنىڭ بۇ ئۇسۇل بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىشى ھايات ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە: " **ئاللانىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى تاپالمايسەن**" دېيىلگەن. ئاللاتائالانىڭ شەيئىلەردە قويغان قانۇنىيىتى ئىزچىل بولۇپ، دۇئا قىلغۇچى ئۈچۈن ئاللا ئۇنى ئۆزگەرتىپ بەرمەيدۇ. غەيرىي مۇمكىن نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىپ قىلىنغان دۇئا ئىجابەت بولمىغانىنىڭ سىرتىدا، مۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى ئاللاغا قارىتا ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. مۇنداق دۇئا قىلغۇچى گويا "ئى ئاللا سېنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرىڭدا بېكىتكەن قانۇنىيەتلىرىڭنى ۋە ئۇلاردا ئورناتقان بىر پۈتۈن تەرتىپ-ئىنتىزام سىستېمىسىدىكى ھېكمەتلىرىڭنى مەن ئۈچۈن بىكار قىلىۋەتكىن" دېگەندەك بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئاللادىن گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى تىلەپ دۇئا قىلىش بىمەنىلىك بولىدۇ. دۇئا ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ ئاللانى رازى قىلىدىغان خەيرلىك ئىشلار ئۈستىدە بولۇشى، ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا، غايە-مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم.

## 4. دۇئا بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى

بەندە دۇئا قىلىش بىلەن بىللە سەۋەبنىمۇ قىلىشى كېرەك. دۇئادا تىلىگە ئېلىنغان تىلەكلەرنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن دۇئاغا ئىش-ھەرىكەت ياندىشىپ كېلىشى لازىم. كۆڭۈلگە پۈككەن بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشىش ياكى بىرەر زىيان-زەخمەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئورۇنۇپ كۆرۈش لازىم. خۇداغا تەۋەككۇل قىلدىم دەپ ئۆيدە يېتىش ياكى قاراملىق بىلەن قارىسىغا ئىش كۆرۈشنىڭ ئىككىلىسى خاتا. ئىشنىڭ ئۆز يولى ۋە قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، سەۋەبنى قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاتائالاغا تەۋەككۇل قىلىش لازىم. ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنغان تەۋەككۇلنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئەنە شۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

ھەدىسىدىكى: ”سىلەر ئاللاغا ھەقىقىي تەۋەككۈل قىلىدىغان بولساڭلار خۇددى قۇشلار ئەتىگەندە ئۇۋىلىرىدىن ئاچ چىقىپ، كەچتە توق قايتىپ ئوزۇقلاندۇرۇلغاندەك، ئەلۋەتتە، سىلەرمۇ رىزقلاندۇرۇلغان بولاتتىڭلار“ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ تەۋەككۇل بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قۇشلار بولسا ئۇۋىلىرىدا ياتماي كۆندۈزى كەچكىچە ئۇچۇپ يۈرۈپ يەم ئىزدەيدۇ. نەتىجىدە ئۆزىمۇ تويغۇدەك، ئۇۋىسىدىكى بالىلىرىغىمۇ توشۇغۇدەك يەمگە ئېرىشىدۇ. خەلىفە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ: ”بىرەرسىڭلار ئاللانىڭ ئاسماندىن ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ياغدۇرمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، رىزقى تەلەپ قىلىش يولىدا ھەرىكەت قىلماستىن، ئى ئاللا ماڭا رىزقى بەرگىن دەپ قاراپ ئولتۇرمىسۇن“ دېگەن. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاتائالا: ” **ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ** “ (53–سۈرە، 39–ئايەت) . دەيدۇ. مانا بۇلاردىن بىزمۇ ئۆزىمە پېشى ئاغزىمغا چۈش دەپ ئولتۇرۇشنىڭ قەتئىي خاتا ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

دۇئا ئارقىلىق ئاللاغا ئىلتىجا قىلىش بىلەن بىللە ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن چارە–تەدبىر ۋە ئامال ئىزدەش لازىم. ”تەلەپ قىل، سەۋەب قىل“ دېگەن ئاتىلار سۆزى ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھالدا ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان.

سەۋەبكە يېتىپ قىلىنغان دۇئا ئىماننىڭ خىسلەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. سەھىھى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئېيتقاندا، ئىمان دېگەن تىل بىلەن ئېيتىش، دىل بىلەن ئىشىنىش، قول سېلىپ ئىشلەشلاردىن ھاسىل بولىدۇ. تىل، دىل، ھەرىكەت ماسلىشىپ قىلىنغان دۇئا ئاندىن دۇرۇس دۇئا سانىلىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىرەر مۇسۇلمان بەندە ئاللادىن دۇنيادا رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى، ئاخىرەتتە مەغپىرەت قىلىشىنى ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارنى تىلەيدىكەن، چىن دىلى بىلەن ئاللاغا يۈزلىنىشتىن تاشقىرى، رىزققا ۋە مەغپىرەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشى لازىم بولىدۇ.

## 5. دۇئا بىلەن تەقدىرنىڭ مۇناسىۋىتى

مۆمىن بەندىنىڭ ئىشى ئاللانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇشتۇر. دۇئا قىلىش تەقدىرگە قارىمۇقارشى كەلمەيدۇ. تەقدىر قىلىنغان ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە تەقدىرگە تەن بېرىش لازىم. تەقدىر قىلىنغان بىرەر ئىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ھېچكىم ئىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلمەيدۇ. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئۇنى پايدىلىق تەرەپكە بۇراش ياكى زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سەۋەبىنى قىلىش لازىم. تۈرلۈك چارە–تەدبىر ئىش–ھەرىكەتلىرى سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. تەقدىر قىلىنغان ئىش سەۋەب بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئەزەلدىنلا سەۋەب بىلەن بىللە بېكىتىلگەن. سەۋەب ئورۇندىلىش بىلەن تەقدىردە پۈتۈلگەن ئىش يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، قورساقنىڭ توقلۇقىغا يېيىش سەۋەب بولىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا سۇ ئىچىش سەۋەب بولىدۇ، زىرائەتنىڭ ئۆسۈشىگە ئورۇق سېلىپ تېرىش سەۋەب بولىدۇ، قوينىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئۇنى بوغۇزلاش سەۋەب بولىدۇ، شۇنداقلا جەننەتكە كىرىشكە ياخشى ئەمەللەر، دوزاخقا كىرىشكە يامان ئەمەللەر سەۋەب بولىدۇ. دۇئامۇ ئەنە شۇ سەۋەبلەر جۈملىسىدىندۇر. بىرەر بەندە ئاللاتائالانىڭ شەرىئەتلىرىدە قويغان قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان سەۋەبلەر بويىچە ئىشلەپ، ئەستايىدىللىق بىلەن دۇئا تەلەپتە بولسا، تىلى بىلەن قىلغان دۇئادا پۈتۈن سەۋەبلەرنى ياراتقۇچى بىرھەق بىر ئاللا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت چىن ئىمان ئىپادىلەنسە، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاللا ئىجابەت قىلىدۇ، سەۋەبلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. مەقسىتىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. شەرتلىرى تولۇق بولۇپ ساداقەتلىك

بىلەن قىلىنىغان دۇئا تەقدىرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە: "قازا ۋە قەدەرنى پەقەت دۇئالا قايتۇرالايدۇ"، "دۇئا تەقدىر بىلەن ئۇچرىشىدۇ دە، ئۇ ئىككىسى قىيامەت كۈنىگىچە ئېلىشىدۇ" دېيىلگەن. بىرىنچى ھەدىستىن تەقدىرنى قايتۇرۇشنىڭ دۇئادىن ئىبارەت پەقەت بىرلا يولىنىڭ بارلىقىنى، ئاللاتائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلىپ ئىجابەت بولغان دۇئانى قازا ۋە قەدەرنىڭ ئۇقىدىن ساقلىنىدىغان مۇھاپىزەت قالقىنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز؛ ئىككىنچى ھەدىستىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، قازا ۋە قەدەر گويا مىلتىقتىن چىققان ئوق بولۇپ، نىشانغا تېگىش يۆنىلىشى بويىچە كېتىۋاتقاندا دۇئاغا يولۇقىدۇ دە، دۇئانىڭ نىشانغا تېگىشكە پۈتلىكاشاڭ پەيدا قىلىدۇ، ئەمما ئاللانىڭ ھۆكمى بىكار قىلىنىپ، تەقدىر ئوقى ئارقىغا قايتۇرۇلمايدۇ. دۇئا ئۇنىڭغا مۇئەككەل بولغانلىقتىن تەقدىر ئوقى ئۆز يۆنىلىشى بويىچە قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىق ماڭسىمۇ، دۇئا ئۇنى نىشانغا تەگكۈزمەيدۇ، ئوقنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىتىلىدۇ ياكى نىشانغا تەككەندىمۇ بوشلا تېگىپ قويىدۇ، مانا بۇ تەقدىرنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى ئەمەس، بەلكى دۇئانىڭ خاسىيىتى سەۋەبلىك ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ئى ئاللا سەندىن قازا ۋە قەدەرىڭنىڭ ئارقىغا قايتۇرۇلۇشىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا مۇلايىم ۋە مەرھەمەتلىك بولۇشۇڭنى سورايمىز" دېگەن دۇئاسىمۇ بۇ نۇقتىنى روشەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "دۇئا (قازا ۋە قەدەر ئارقىلىق) يۈز بەرگەن ۋە يۈز بەرمىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن پايدىلىق" دېگەن ھەدىسىمۇ يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. دۇئا بەندىنىڭ ئاللاتائالادىن ھاجىتىنى سوراش مەنىسىدە بولۇپ، كىشى ئاللادىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاجەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى سوراۋەرسە بولۇۋېرىدۇ. ئاللاتائالادىن ھاجىتىنى سورايدىغان ئادەم ھېچقانداق ۋاسىتىسىز بىۋاستە سورىشى كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغىنىدەك ئاللاتائالا بەندىلىرىگە ئەڭ يېقىندۇر، ۋاسىتىگە ھاجىتى يوقتۇر. قانداقتۇر مازار ـ ماشايىخلاردىن، ئەۋلىيالاردىن، ئۆلۈغلاردىن ھاجىتىنى سوراشقا، مەدەت تىلەشكە بولمايدۇ، مۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس. ئەمما ھايات ئادەملەرنىڭ مەيلى ھازىرى بولسۇن، غايىبى بولسۇن بىر ـ بىرىگە دۇئا قىلىپ قويۇشى بىر تۈرلۈك ياخشى ئىش، تەقۋادار ئادەملەردىن دۇئا قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈش ئەلۋەتتە دۇرۇس ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ھايات ئادەملەرنىڭ ئۆلگەن كىشىلەر ھەققىدە قىلغان دۇئاسى ئۇلارغا تېگىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە نۇرغۇن دۇئالار بار. ئۇلارنىڭ تېكىستلىرىنىڭ لەۋزى ئىخچام، مەزمۇنى مول بولۇپ، "دۇئا مەئسۇر دۇئائى مەئسۇر" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى تىلەش، بەختسىزلىكلەردىن پاناھ تىلەش ۋە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان دۇئا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئالارنى ھۆرمەتلىك ساھابىلىرىگە ئۆگەتكەن ھەمدە ئۇلارنى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇشنى تەرغىب قىلغان. بىز تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مۇنداق دۇئالارنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمىنى تېكىستى بىلەن تەرجىمىسىنى قوشۇپ بەرمەكچىمىز.

(دۇئالار ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى سانلىرىدا بېرىلىدۇ.)

# ئىمان ھەققىدە

ئابلىز قارىي

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى زور ئىشى ئىمان (غەيبكە ئىشىنىش) دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا، تۆۋەندە ئىماننىڭ ئىپادە ئەمەللىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**كەلىمە تەييىبە:** لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا. مەنىسى: (ئىبادەت قىلىنىدىغانغا لايىق بولغان) ئاللاتائالادىن باشقا ھېچقانداق خۇدا يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ (بىز بەندىلىرىگە ئىسلام دىنىنى بىلدۈرمەك ئۈچۈن تاللىغان) پەيغەمبىرىدۇر.

**كەلىمە شاھادەت:** ئەشھەدۇئەنلائىلاھە ئىللاللاھۇ ۋەئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھۇ. مەنىسى: (ئىبادەت قىلىنىدىغانغا لايىق بولغان) ئاللاتائالادىن باشقا ھېچقانداق خۇدا يوق دەپ ھەقىقىي گۇۋاھلىق بېرىمەن (ئاللاتائالاغىلا ئىبادەت قىلىمىز، ئاللاتائالادىن باشقا ھېچكىمگە ۋە ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمايمىز) ۋە يەنە شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ بەندىسى ۋە (بىز بەندىلىرىگە ئىسلام دىنىنى بىلدۈرمەك ئۈچۈن ئەۋەتكەن) بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر.

ئىماننىڭ يىلتىزى تەستىق قىلىش، ئىقرار قىلىشتۇر. لېكىن ئىماننى تولۇقلاپ كامالەتكە يەتكۈزۈش بولسا، دىل بىلەن تەستىق قىلىش، تىل بىلەن ئىقرار قىلىش، ھەرىكىتى بىلەن ئەمەل قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. شۇڭا ئىمان بۇ ئۈچ نەرسىدە ئىپادىلىنىپ گەۋدىلىنىدۇ، يەنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

## بىرىنچى قىسىم

### ئىماننىڭ ئەقىدە ۋە ئېتىقادقا مەنسۇپ بولغانلىرى 30 تۈرلۈك:

1. ئاللاتائالاغا ئىمان ئېيتىش (يەنى ئاللاتائالا بىردۇر، ئەزەلىيدۇر، ئەبەدىيدۇر، ھەر ئەيىب ۋە ھەر نۇقساندىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر؛ ئاللاتائالا تۇغمىغان ۋە تۇغۇلمىغان؛ ئاللاتائالاغا ھېچقانداق تەڭداش يوق، ھېچقانداق ئوخشاشلىق يوق؛ تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرەت ئىگىسى بولغان بىر ئاللا 99 ئىسىم سۈپەتلىرى بىلەن ھەممىگە قادىردۇر، دىلىمىزدىكى خىياللارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاسمان ۋە زېمىنلارنىڭ ھەممە سىرلىرى ئاللاغا مەلۇمدۇر دەپ بىلىش)؛
2. ئاللادىن باشقا ھەممە نەرسە پەيدا بولىدۇ، يوقىلىدۇ دېگەن ئېتىقادتا بولۇش؛
3. پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش (يەنى ئاللا پەرىشتىلەرنى نۇردىن ياراتقان. پەرىشتىلەر ئاللانىڭ ئىبادىتىدە دائىم مەشغۇل بولۇپ تۇرىدىغان بەك ئىتائەتچان قۇللىرىدۇر. ئۇلار ھېچقاچان گۇناھ سادىر قىلمايدۇ. ئۇلاردا يېمەك، ئىچمەك ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت يوق. پەرىشتىلەر بەك كۆپ بولۇپ،

ئۇلارنىڭ سانى ئاللاغىلا مەلۇمدۇر. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىرى خەۋەرگە مەسئۇل جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، ئوزۇقلۇققا مەسئۇل مىكائىل ئەلەيھىسسالام، جان ئېلىشقا مەسئۇلى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام، قىيامەتكە مەسئۇلى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامدۇر)؛

4. كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش (يەنى ئاللاتائالا ئىنسانلار ئىچىدىن تاللىغان پەيغەمبەرلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىسپات قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەندىلىرىنىڭ ئۇنتۇماسلىقىنى دەلىللەپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر قىسمىلىرىغا كىتاب نازىل قىلغان. جۈملىدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئون كىتابچە، شىش ئەلەيھىسسالامغا 50 كىتابچە، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا 30 كىتابچە نازىل بولغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا رامزاننىڭ بىرىنچى كېچىسى ئون كىتابچە نازىل بولغان. 700 يىلدىن كېيىن رامزاننىڭ ئالتىنچى كېچىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات» كىتابى ئىبران (يەھۇدىي) تىلىدا نازىل بولغان. ئۇنىڭدىن 500 يىل كېيىن رامزاننىڭ 12-كېچىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا «زەبۇر» كىتابى يۇنان تىلىدا نازىل بولغان. ئۇنىڭدىن 1100 يىل كېيىن رامزاننىڭ 18-كېچىسى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا «ئىنجىل» كىتابى سۇريان تىلىدا نازىل بولغان. ئۇنىڭدىن 620 يىل كېيىن رامزاننىڭ 27-كېچىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا لەۋھۇل مەھفۇزدىن دۇنيانىڭ ئاسمىنىغا نازىل بولغان، پەيغەمبىرىمىز دۇچ كەلگەن ھەربىر مەسىلىگە قارىتا پارچە-پارچە بولۇپ، دۇنيانىڭ ئاسمىنىدىن پەيغەمبىرىمىزگە 22 يىلدا نازىل قىلىنىپ بولغان)؛

5. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش (ئاللا-تائالا بەندىلىرى ئىچىدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن پەيغەمبىرىمىزگىچە جەمئىي 124 مىڭ پەيغەمبەرنى تاللىغان، بۇلاردىن بەزىلىرىنى ئائىلىسىگە، بەزىلىرىنى مەھەللىسىگە، بەزىلىرىنى جەمەتىگە، بەزىلىرىنى قەبىلىسىگە، بەزىلىرىنى بىرەر يۇرتقا، بەزىلىرىنى بىرەر مىللەتكە، بەزىلىرىنى بىرنەچچە مىللەت ۋە بىرنەچچە يۇرتقا، بەزىلىرىنى دۇنيا ئاھالىسىگە، بەزىلىرىنى ئىنسانلار ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر قىلغان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار ۋە جىنلارغا پەيغەمبەردۇر. پەيغەمبەرلەر بولسا ئۆز قەۋمىنى خۇدانى بىر دەپ تونۇشقا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىققا، خۇدانىڭ پەرۋەردىگارلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ئىبادەت قىلىشقا، ئەدەب-ئەخلاقتا نەمۇنە بولۇشقا يېتەكلەيدىغان، گۇناھتىن پاك مەسۇم زاتلاردۇر. قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان پەيغەمبەرلەر 25 بولۇپ، ئۇلار: ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام، نۇھ ئەلەيھىسسالام، ھۇد ئەلەيھىسسالام، سالىھ ئەلەيھىسسالام، لۇت ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ھارۇن ئەلەيھىسسالام، داۋۇد ئەلەيھىسسالام، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام، ئىلياس ئەلەيھىسسالام، ئەليەسەئ ئەلەيھىسسالام، زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام، يەھيا ئەلەيھىسسالام، ئىسا ئەلەيھىسسالام، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇزەير، لۇقمان، زۇلقەرنەينلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە قۇرئاندا ئوچۇق مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ پەيغەمبەر دەرىجىدىكى سالىھ بەندىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شىش، يۇشەئ، خىزىر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەشىر، دانىيال، ئىشمۇئىل، ئەشئىيا، ئەرمىيا ئىسىملىك زاتلارنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەدىستە زىكىر قىلىنغاندۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىرى ئادەم ئەلەيھىسسالام، نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىسا ئەلەيھىسسالام، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر، ھەممىدىن ئەڭ ئۇلۇغى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر)؛

6. ياخشى-يامان ئىشلار، يەنى بېشىمىزغا كەلگەن ئامەت ۋە ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ تەقدىرىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش؛

7. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، قەبرىدىكى سوئال — سوراق، قەبرە ئازابى، قىيامەتتە ئومۇمىي ھېسابات بېرىش، ئەمەللەرنى ئۆلچەيدىغان تارازىنىڭ قويۇلۇشى، دوزاخ ئۈستىگە قۇرۇلغان پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ بولۇشى قاتارلىقلارغا ئىمان كەلتۈرۈش)؛

8. جەننەت (بېھىش) تە مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ دائىم تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرگە ئىشىنىش؛

9. ئاللانى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ دوزاخ ۋە ئۇنىڭ ئازابىدا دائىم تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش؛

10. ئاللاغا مۇھەببەت باغلاش (بۇيرۇغانلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىش)؛

11. بىراۋنى ياخشى كۆرسىمۇ خۇدا ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، يامان كۆرسىمۇ خۇدا ئۈچۈن يامان كۆرۈش (مەككىلىك ۋە مەدىنىلىك ساھابىلەرنى ھەم رەسۇلۇللانىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ياخشى كۆرۈش)؛

12. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش (دائىم دۇرۇت ئوقۇش، سۈننەتلىرىنى ئىجرا قىلىش)؛

13. ئىخلاسمەن بولۇش (بىرەر ياخشى ئىشنى ئاللا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىشتىن، ئىككى يۈزلىمە-مۇناپىقلىق قىلىشتىن ساقلىنىش)؛

14. ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىش بىلەن بىرگە تەۋبە قىلىش؛

15. ئاللا ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇش؛

16. ئاللانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش؛

17. ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىشتىن ساقلىنىش؛

18. ئاللانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش؛

19. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش؛

20. ھەر خىل مۇسىبەت ۋە ئىبادەتلەرگە غەيرەت قىلىش؛

21. كەمتەر بولۇش (چوڭلارنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش)؛

22. رەھىم-شەپقەتلىك بولۇش (كىچىك ۋە ئاجىزلارغا كۆيۈنۈش)؛

23. بالا-قازاغا رازى بولۇش؛

24. ھەر ئىشتا ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىش؛

25. ماختانچاقلىق ۋە نوچىلىق قىلىشنى تاشلاش (مەنمەنلىك ۋە ئۆزەمچىلىكنى تاشلاپ، ئۆزىنى پاك-ۋىجدانلىق تۇتۇش)؛

26. ئىچى قوتۇرلۇق، ھەسەتخورلۇقنى تاشلاش؛

27. ئاداۋەتنى، ئۆچ ئېلىشنى تاشلاش؛

28. غەزەپ-نەپرەتنى (ئاسانلا ئاچچىقلىنىپ قېلىشنى) تاشلاش؛

29. چېگىشلىكنى (يامان گۇمان ۋە ھىيلە-مىكىرنى) تاشلاش؛

30. دۇنيا مۇھەببىتى (مال-دۇنيا ۋە مەنسەپ-مەرتىۋە ئاچكۆزلۈكى) نى تاشلاش.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ سىرتىدا يەنە قەلبكە مەنسۇپ ئىشلاردىن پەزىلەتنى ياكى رەزىللىكنى ئۇچراتسىڭىز ئۇنىڭ قىياپىتىگە قاراپ باھا قويىسىز

بولىدۇ.

## ئىككىنچى قىسىم

### ئىماننىڭ تىلنىڭ ئەمەللىرىگە مەنسۇپ بولغانلىرى يەتتە تۈرلۈك:

1. خۇدانىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى تىلدا ئېيتىش؛

2. دائىم قۇرئان ئوقۇپ تۇرغان بولۇش؛

3. بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىپ قويۇش (ئوقۇتقۇچى-ئۇستاز بولۇش)؛

4. بىلمىگەنلەر بىلگەنلەردىن ئۆگىنىش (ئوقۇغۇچى-شاگىرت بولۇش)؛

5. ھەر ئىشتا دۇئا ئوقۇپ، ئاللاغا ئىلتىجا قىلىش؛

6. گۇناھنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللانى ياد ئېتىش ئۈچۈن ئىستىغپارنى كۆپ ئوقۇش؛

7. پايدىسىز، قالايمىقان سۆزلەرنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش.

## ئۈچىنچى قىسىم

### ئىماننىڭ بەدەن ئەمەللىرىگە مەنسۇپ بولغانلىرى 40 تۈرلۈك:

1. پاك-پاكىز بولۇش (جاينى، كىيىم-كېچەكنى، بەدەننى پاكىز قىلىش. ناماز ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن، ھەيزدىن كېيىن، تۇغۇت خۇنى توختىغاندىن كېيىن غۇسۇل قىلىش يەنى پۈتۈن بەدەننى پاك-پاكىز يۇيۇش قاتارلىقلار)؛

2. كۈندىلىك بەش ۋاق نامازنى ئوقۇغاننىڭ سىرتىدا نەپلە-قازا نامازلارنى (تەھەججۇد ناماز، ئىشراق ناماز، ئەۋۋابىن ناماز، تەراۋىھ ناماز، جۈمەدىكى سۈننەت ناماز قاتارلىقلارنى) ئوقۇپ تۇرغان بولۇش؛

3. ئۆشرە-زاكات بەرگەننىڭ سىرتىدا سەدىقە پىترى بېرىش، خەير-ساخاۋەت قىلىش، مېھماننى چوڭ كۆرۈش ۋە تېزرەك تاماملاندۇرۇش؛

4. پەرز بولغان رامىزان روزىسىنى تۇتقاننىڭ سىرتىدا نەپلە ۋە قازا روزىلارنىمۇ تۇتۇپ تۇرۇش؛

5. پۇرسەت ۋە ئىقتىساد بولسا، پەرز ھەجنى قىلغاننىڭ سىرتىدا ئۆمرە ھەجنىمۇ قىلىپ تۇرۇش؛

6. (قەدىر كېچىسىنى ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن كېچىلەرنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ) ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش؛

7. (زىندىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە) دىنىي ئېتىقاد سەۋەبى بىلەن مۇشرىكنىڭ قورۇسىدىن قايتىپ چىقىش؛

8. نەزىرگە (ئاللاتائالا ئۈچۈن ئاتىغان ئەمەللەرگە) ۋاپا قىلىش؛

9. ئىماننىڭ بارلىقىغا جەزم قىلىش؛

10. كاپارەت (گۇناھقا بېرىلىدىغان تۆلەم) نى ئادا قىلىش؛

11. نامازنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئەۋرەتنى يېپىش؛

12. قۇربانلىق قىلىشنى ئاتىغان بولسا، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىش؛

13. جىنازا ئىشلىرىغا (دەپنە مۇراسىمىغا) ئۆرە تۇرۇپ ياردەملىشىش؛

14. قەرزنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش؛

15. مۇئامىلىدە راستچىل بولۇپ، ياخشى ئىشلارنى كىشىلەرگە كۆز-كۆز قىلىشتىن ساقلىنىش؛

16. ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى يوشۇرماي، ھەقىقەتكە گۇۋاھلىق بېرىش؛

17. نىكاھلىنىش ئارقىلىق ئېپپەت-نومۇسنى ساقلاش؛

18. ئائىلىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ھەققىنى ئادا قىلغاننىڭ سىرتىدا ۋاپادارلىق قىلىپ، ئۆي

خىزمىتىگە مۇلايىملىق بىلەن ياردەملىشىش؛

19. ئاتا-ئانىلارغا ياخشى خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش؛

20. باللارنى ياخشى ئەخلاق، بىلىم بىلەن تەربىيىلەش (ئۇلارغا ئەخلاقتا ياخشى ئۇستاز بولۇپ ئۈلگە يارىتىش)؛

21. رەھىمدىل بولۇپ، تۇغقانلىرىنى يوقلاپ تۇرۇش؛

22. باشلىققا بويسۇنۇش؛

23. ئۆزىنىڭ ھەر ئىشتا ئەدىل-ئادالەت بىلەن بولغانلىق ئالامەتلىرىنى تولۇق نامايان قىلىش؛

24. ھەر ئىشتا كۆپچىلىك جامائەتكە ئەگىشىش؛

25. بىلىم ئەھلىلىرىگە ئەگىشىش ۋە بويسۇنۇش؛

26. ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلىش؛

27. ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچىلارغا ياردەملىشىش؛

28. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن چەكلەش؛

29. ھالال ۋە ھارامنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئايرىپ تۇرۇش؛

30. ۋەتىنىنى قوغداشتا ئومۇمىي خەلق بىردەك بولۇش؛

31. ئامانەتنى ئادا قىلىش (دەپنى-دۇنيا خەزىنىسىگە ئىگە بولغانلار ئۇنىڭ بەشتىن ب بەيتۇلمالغا تاپشۇرۇش)؛

32. قەرز ئېلىشتا ۋاپا ۋە توختام خەت بولۇش؛

33. قولۇم-قوشنىلارنى ھۆرمەتلەش؛

34. دۇنيا توپلاش ئۈچۈن قىلغان تىجارىتى ھالال بولۇش بىلەن بىرگە مۇئامىلىدە سىلىق-سىپايە، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش؛

35. مال-دۇنياسىنىڭ ھەققىدىن نەپىقە قىلىش، شۇنداقلا پۇل-مېلىنى بىھۇدە ئىشلىتىپ، بۇزۇپ-چېچىپ، ئىسراپچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش؛

36. چۈشكۈرگۈچىگە ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن شىپالىق بېرىشنى تىلەش؛

37. ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن ساقلىنىش؛

38. سالام قىلغۇچىغا جاۋاب بېرىش (سالام قايتۇرۇش)؛

39. پايدىسىز، ئەرزىمەس سۆز-ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش؛

40. يولدا پۇتلىشىدىغان نەرسىلەر بولسا ئېلىۋېتىش، ئويمان بولسا تۈزلەش، خوشسەن يول، كۆۋرۈك ياساش ۋە ئاسراش.

(يۇقىرىقى 77 تۈرلۈك ئەمەل ئىماننىڭ ئىپادىلىرى بولۇپ، سەھىھۇل-بۇخارىنىڭ شەرھىسى «ئۇمدەتولقارى»نىڭ 1-جىلد 128—129-بەتلىرىدىن تەرجىمە قىلىندى، يەنە «دۇررەتۇن ناسىھىن»نىڭ 18-بېتىدىن، دىن دەرسلىك كىتابىدىن ئېلىندى، قىسمەن ئىزاھمۇ بېرىلدى.)

# ناماز ئوقۇش ۋە سالامەتلىك

خۇاڭ باۋدۇڭ

ناماز ئوقۇش ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇش، ئاللاغا ئىبادەت قىلىشىدىكى مۇھىم بىر تۈرلۈك دىنىي ئەمەلى. ناماز ئوقۇشتا، ئاۋۋال سۇ بىلەن بەدەندىكى پاسكىنىچىلىقلار تازىلىنىدۇ؛ ئاندىن ئاللاغا بولغان گۈزەل ھەمدۇسانالار ئارقىلىق كۆڭۈلدىكى ناپاكلىقلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ؛ قېلىپلاشقان ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئۇلۇغ ئاللاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ ۋە روھىي دۇنياسى تاۋلىنىدۇ. ھەر دائىم ناماز ئوقۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللا رەھمىتىگە تەشەككۈر ئېيتىشىنىڭ، ئىمانى ئىخلاسلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ناماز ئوقۇش يەنە كىشىلەر قەلبىنىڭ خەيرلىك ئىشلارغا مايىل بولۇشىغا، ناھەق ياكى يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك كۆز قارىشى "ئىككى دۇنيالىق بەختسائادەت"نى ئىزدەشتۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەر دائىم ناماز ئوقۇش مۇسۇلمانلارغا ھەم ئاخىرەتلىك ساۋابىنى، ھەم بۇ دۇنيالىق سالامەتلىكنى بېغىشلايدۇ. جۇڭگو تېبابەتچىلىكىدە "جىمجىتلىق روھنى يېتىلدۈرىدۇ، ھەرىكەت بەدەننى يېتىلدۈرىدۇ" دەپ قارىلىدۇ، تېبابەتچىلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىدىكى ناماز ئوقۇش "پاكىزلىق، جىمجىتلىق، ھەرىكەت"نى ئۆزىدە بىر گەۋدە قىلىپ مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەدەن ھەرىكىتىمۇ، روھىي جىمجىتلىقىمۇ بولۇش، بەدەن بىلەن روھقا تەڭ ئېتىبار بېرىشتەك سالامەتلىك قائىدىسى "ئېقىن سۇ سېسىمايدۇ، ئىشىك ئۇلىگۈچكى چىرىمايدۇ"، "ھاياتلىق ھەرىكەتتە" دەيدىغان پەلسەپىۋى قاراشلارغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

تۆۋەندە ناماز ئوقۇش بىلەن سالامەتلىكنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1. **پاكىزلىق** — بەدەن پاكىزلىقى، قەلب پاكىزلىقى، ئورۇن پاكىزلىقى، كىيىم-كېچەك پاكىزلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (كېيىنكى ئىككىسىنى بايان قىلىش قىسقارتىلدى).

1) **بەدەن پاكىزلىقى** — ناماز ئوقۇشتا چوقۇم غۇسۇل قىلىش، تاھارەت ئېلىش لازىم. تازىلاشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن قول، پۇتنىڭ تىرنىقىنى، قولتۇق، ئارقا پېشاپ، زەكەر تۈكلىرىنى ئېلىش كېرەك. ئەرلەر ئۆسۈك چاچلىرىنى ئالدۇرۇشى ۋە خەتنە قىلدۇرغان بولۇشى كېرەك.

**غۇسۇل قىلىش** — ئەر، ئاياللار بىر تۆشەكتە بولغاندىن كېيىن ياكى ئەرلەر ئېھتىلام بولۇپ قالسا، ئاياللار ھەيز كۆرسە، چۈشىدە ئەر-ئاياللار بىر تۆشەكتە بولۇپ قالسا، چوقۇم بەدەننىڭ ئاستىن-ئۈستۈن ھەممە ئەزاسىنى پاكىز يۇيۇش لازىم. بۇنداق قىلغاندا، يالغۇز پاكىزلىنىپلا قالماي، يەنە يېقىنلىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللەرنى ئازلاتقىلى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەر-ئاياللارنىڭ بىر تۆشەكتە بولۇش قېتىم سانىمۇ نىسبەتەن ئازىيىدۇ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش، ياشانغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، زەئىپلىشىش خاراكتېرىدىكى كېسەللەرنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ. ئەر-ئاياللارنىڭ بىر تۆشەكتە بولۇش قېتىم سانىنىڭ كۆپ بولۇشى كېسەل پەيدا قىلغۇچى بىر خىل ئامىل بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر خىل پاتولوگىيىلىك مېخانىزمدۇر. داۋالاش جەريانىدىكى تەكشۈرۈش ۋە خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇرغۇنلىغان يۈرەك كېسلى، مېڭە قان تومۇرى كېسلى، دىئابېت (شېكەر سيىش) كېسلى ۋە بۆرەك كېسلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ كېسەللىك ئۆزگىرىشىنى قوزغاتقۇچى ئامىل ئەر-ئاياللارنىڭ بىر تۆشەكتە بولۇشى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ، كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ كېسلىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ ياكى يامانلاشتۇرىدۇ. ھەتتا يۈرەك كېسلىگە گىرىپتار بولغان بەزى كىشلەر بىر ئاخشاملىق خۇشلۇقنى دەپلا بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ.

**تاھارەت ئېلىش** —— ھەر قېتىملىق نامازدىن بۇرۇن چوقۇم تاھارەت ئېلىش لازىم. ئۇنىڭ تەرتىپى:

ئاۋۋال ئىككى قولنى يۇيۇش، ئىستىنجا قىلىش (ئالدى-ئارقا پېشاپلارنى يۇيۇش)، ئاندىن يەنە قولنى يۇيۇش، ئاغزىنى چايقاش (غەر-غەرە قىلىش)، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ مەزمەزە قىلىش، يۈزنى يۇيۇش، ئىككى بىلەكنى جەينەك بىلەن قوشۇپ يۇيۇش، باشقا مەسىھ قىلىش (جۈملىدىن ئىككى قولاق سۇپرىسىنىڭ ئىچى-تېشىنى ئۇۋۇلاپ يۇيۇش)، ئىككى پۇتنى ئوشۇق بىلەن قوشۇپ يۇيۇش، ئاندىن يەنە قولنى يۇيۇشتىن ئىبارەت. تاھارەت ئالغاندا، ھەربىر ئەزانى ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم ئۇۋۇلاپ يۇيۇش كېرەك، پۇت، قول بارماق ئارىلىرى ۋە تىرناق ئاستىمۇ پاكىز تازىلىنىشى كېرەك.

مۇشۇنداق بولسا، بىر كۈنلۈك بەش ۋاق نامازدا، قول جەمئىي 45 قېتىم، ئالدى-ئارقا پېشاپلار 15 قېتىم يۇيۇلىدۇ، ئېغىزنى غەر-غەرە قىلىش، بۇرۇننى مەزمەزە قىلىش 15 قېتىمدىن بولىدۇ، يۈز 15 قېتىم يۇيۇلىدۇ، بىلەك 15 قېتىم يۇيۇلىدۇ، 15 قېتىم مەسھى قىلىنىدۇ (مەسھى قىلغاندا قولاق سۇپرىسىنىڭ ئىچى-تېشىمۇ 15 قېتىم تازىلىنىدۇ)، يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن لۆڭگە بىلەن سۈرتۈلىدۇ. قېتىم سانى بۇنداق كۆپ بولغان ئۇۋۇلاپ يۇيۇش، سۈرتۈشلەر قان ئايلىنىشنى يېتەرلىك ھالدا تېزلىتىدۇ. بۇ خۇددى توڭلاتقۇنىڭ ئىچى-تېشىدىكى چاڭ-توزان، كىر، مۇزلارنى تازىلاش ئارقىلىق توڭلاتقۇنىڭ توڭلىتىش سىستېمىسىنىڭ ياخشى يۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا ئوخشايدۇ. بىراق غۇسۇل قىلىش، تاھارەت ئېلىشنىڭ رولى پەقەت بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ناھايىتى مول ئەقلىيلىك ۋە تەقۋادارلىققا ئىگە مۇسۇلمانلارنىڭ يۇيۇنۇشى ۋە ئۇۋۇلاشلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ رولى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ.

يۇيۇلىدىغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى قان تومۇر، نېرۋىلار زىچ ئورۇنلاشقان سەزگۈ ئەزالار ۋە ئاخىرقى ئۇچ ئورۇنلار، يەنى ئادەم بەدىنى بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئۇچۇر ئالماشتۇرىدىغان سەزگۈ ئورۇنلار، شۇنداقلا ئادەم بەدىنى ماددا ئالماشتۇرىدىغان ۋە ئوكسىگېن قوبۇل قىلىدىغان كۆزنەكلەردۇر. مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى مۇشۇنداق قىلىدۇ، يىل بويى مۇشۇنداق قىلىدۇ، بۇنداق قىلىش پەقەتلا مەينەتچىلىكنىلا تازىلاش بولۇپ قالامدۇ؟ ياق! تاھارەت ئېلىش ھەم بەدەندىكى ئەزالارنىڭ پائالىيەت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەم سەزگۈ ئەزالارنى تازىلاپ تەرتىپكە سېلىش بىلەن،

ئۈچ نېرۋىلارنى غىدىقلاپ، ئۈچ ئەزا قان تومۇرلىرىنىڭ ئۈتۈشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، سەزگۈرلۈكىنى كۈچەيتىپ، ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئادەملەر بىلەن تەبىئەتنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىش ۋە چىقىرىش-قوبۇل قىلىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەپ، مائدا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش، بالدۇر قېرىشتىن ساقلىنىش مەقسىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە تەننى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش بولۇپمۇ ياشانغانلاردىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشى (يۈرەك كېسىلى، مېڭە قان تومۇر كېسىلى، قان تەركىبىدە ياغ كۆپ بولۇش، دىئابېت كېسىلى، جىگەرگە ياغ ئولتۇرۇش كېسىلى، دېۋەڭلىك كېسىلى قاتارلىقلار) نىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. جۇڭگوچە تىبابەتچىلىكتە: "ئىچكى ئەزادا بار بولغىنى، مۇقەررەر ھالدا تاشقى ئەزادا ئىپادە تاپىدۇ"، "تاشقى بەش ئەزا ئىچكى بەش ئەزانىڭ ئىپادە يولىدۇر" دېيىلگەن. ھازىرقى زامان كۆپ تەرەپلىمە ئۇچۇر نەزەرىيىسىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق تەتقىقاتى ئايرىملىق بىلەن پۈتۈنلۈكنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتچانلىقى ۋە ئالمىشىشچانلىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بەردى.

2) **قەلب پاكىزلىقى** — ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ۋە ئەھكاملىرى بويىچە، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەڭشەپ، يامان نىيەتلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ يېڭىچە يول تۇتۇشى، غەزەپ-نەپرەت، ئۆچ-ئاداۋەت، ھەسەت-خورلۇق، غەم-قايغۇ، ئازابلىنىش قاتارلىق كەيپىياتلارنى تۈگىتىپ، ئۆز روھىنى پاكلاشتۇرۇشى، ئۆز قەلبىنى گۈزەللەشتۈرۈشى كېرەك. «ئىچكى كېسەللەر دەستۇرى» دە مۇنداق دېيىلگەن: "يۈرەك بەدەندىكى بارلىق ئىچكى ئەزالار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەزادۇر، ھەسرەت-نادامەت، غەم-قايغۇ يۈرەكنى تىترىتىدۇ، يۈرەك تىترەش بولسا، بارلىق ئىچكى ئەزالارنى ئېغىر ئاجىزلاشتۇرىدۇ".

ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق ھەر كۈنلۈكى بەش ۋاق ناماز ئۆتۈشى ئىچكى جەھەتتە قەلب پائالىيىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى ئەزالارنىڭ فۇنكسىيىسىنى تەڭشەيدۇ، تاشقى جەھەتتە، ئائىلە، ئىجتىمائىي مۇھىت، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، بۇ جىسمانىي ۋە قەلبىي ساغلاملىققا پايدىلىقتۇر.

2. **جىمجىتلىق** — ئورۇن جىمجىتلىقى، تەن جىمجىتلىقى، قەلب جىمجىتلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ئۈچ خىل جىمجىتلىق سىرتىدىن ئىچىگە، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ بولىدىغان قەلب تاۋلاش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇسۇل بەدەن بىلەن قەلبنى جىمجىت ئورۇندا قويۇپ، ئىچى بىلەن تېشىنى ئوخشاش جىمجىت قىلىپ، قەلبنى ئىشلىتىشكە ئېتىبار بېرىپ، خاتىرجەم ھالدا ئاتموسفېرا بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن بەھرە ئالىدۇ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى تەبىئەتكە قايتۇرۇپ، تەبىئەتنى مەنپەئەتدار قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق تەبىئەت بىلەن ئادەمنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بولۇپمۇ قەلب جىمجىتلىقى ناماز ئۆتۈگۈچىلەردىن باشقا نەرسىگە نەزەر سالماسلىقنى، سىرتقى ئىشلارغا قۇلاق سالماسلىقنى، ئىچكى روھىي ھالەتنى ساقلاشنى، ئوي-خىيالنىڭ بىر نۇقتىغا مەركەزلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھازىرقى زامان تىبابەتچىلىكىدىكى "ھالەتنى بوشاشتۇرۇپ داۋالاش ئۇسۇلى"غا ئوخشاپ كېتىدۇ، روھىي ھالەت ۋە تىنىقنى تەڭشەش ئارقىلىق نەپەس ئېلىش، يۈرەك سوقۇش چاستوتىسىنى تۆۋەنلىتىپ، پۈتۈن بەدەننى ئەركىن ھالەتكە كەلتۈرۈش بىلەن، يۈرەكنى ئەڭ ياخشى ھالەتتىكى ئارام ئېلىشقا ئىگە قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە چوڭ مېڭە پوستىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەڭپۇڭلۇقى ۋە مېڭە ھۆجەيرىلىرىنى جانلاندۇرۇشقا، مېڭە ھۆجەيلىرىنىڭ قېرىپ كېتىشىنى ئاستىلىتىشقا، شۇنداقلا ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسىنى تەڭشەشكە، بۇ ئارقىلىق بەدەندىكى ھەرقايسى سىستېمىلارنىڭ فۇنكسىيىسىگە قارىتا كۆپ تەرەپلىمىلىك تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، مېڭە، يۈرەك كېسەللىكىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىشقا پايدىلىق بولىدۇ.

3. **ھەرىكەت** —— ناماز ئۆتەشتىكى ھەر خىل ھەرىكەت، ئۇسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ناماز ئۆتىگەندە، بەلگىلەنگەن ھەرىكەت، قىيابەت، ھالەتلەر بويىچە، رىتىملىق ھالدا، قىيامدا تۇرۇش، قۇلاق قېقىش، رۇكۇدا تۇرۇش، ئەتتەھىياتۇدا ئولتۇرۇش (يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش)، سەجدىگە چۈشۈش، سالام بېرىش، دۇئاغا قول كۆتۈرۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بەجا كەلتۈرۈلىدۇ. ھەر كۈندىكى بەش ۋاق نامازدا جەمئىي 12 قېتىم قۇلاق قېقىلىدۇ، 32 قېتىم قىيامدا تۇرۇلىدۇ، 32 قېتىم رۇكۇ قىلىنىدۇ، 64 قېتىم سەجدە قىلىنىدۇ، 17 قېتىم ئەتتاھىياتۇدا ئولتۇرۇلىدۇ، 12 قېتىم سالام بېرىلىدۇ، 5 قېتىم دۇئا قىلىنىدۇ.

1) **قىيامدا تۇرۇش** —— ناماز ئۆتىگەندە ئىككى پۇت ئارىلىقىنى بىر مۇشت پاتقىچىلىك قالدۇرۇپ، تۈز تۇرغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئىككى ئالقان يېرىم يۇمۇق ھالەتتە كۆتۈرۈلۈپ، باش بارماق ئۇچى قۇلاق ئارقىسىغا تەگكۈزۈلىدۇ، قەلب، ئېغىز، قول بىر ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ (قەلبدە ئاللا يادلىنىدۇ، ئېغىزدا تەكبىر ئېيتىلىدۇ، ئىككى قول تەڭلا ئېچىلىدۇ)، بۇ ئارقىلىق تەن، ئىلاھ، ئاۋازنىڭ ماس ھالەتلىك قوشۇلمىسى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، بۇنداق قىلغاندا، ئالقان ئوتتۇرىسىدىكى پەللىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە گەۋدىلەندۈرۈپ، يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان پاسكىنا گازلارنى چىقىرىپ تاشلىغىلى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەبىئەتنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن بەھرە ئېلىشنى قوبۇل قىلىش بىلەن يۈرەكنى تازىلاپ، روھنى شادلاندۇرغىلى بولىدۇ. قۇلاق يۇمشىقىنىڭ ئارقىسىدىكى پەللىنى مۇشۇنداق ئۇزاق ۋاقىتلار بېسىپ بەرگەندە، قۇلاق كېسەللىكى، يۈز پالەچنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، قۇلاق گاس بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛ قۇلاق قېقىشتىن كېيىن، ئىككى قول بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى ئېلىنىپ، كىندىك ئاستى (پەللە بار جاي)غا قويۇلىدۇ، بەدەن ئالدىغا ئازراق ئېگىلىدۇ، كۆز سەجدە قىلىنىدىغان جايغا تىكىلىدۇ، نەپەس تەبىئىيلىشىدۇ، ئېغىزدا يۇقىرى-تۆۋەن ئاۋازلار گىرەلەشتۈرۈلۈپ، سۈرە-ئايەتلەر ئوقۇلىدۇ، بۇ ھالەتتە تەقۋادارلىق، ئېھتىرام ئىپادىلىنىدۇ، ھېچقانداق ئوي-خىيال بولمايدۇ، كۆڭۈل ئاللاغا مايىل بولىدۇ. بىردەمدىلا ئېغىزغا شۆلگەيلەر يىغىلىدۇ، ئۇنى پەقەتلا يۇتۇۋېتىشقا بولىدۇكى، تۈكۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. ھەر قېتىم ئىككى مىنۇتتىن بەش مىنۇتقىچە، كۈنىگە 32 قېتىم مۇشۇنداق قىلغاندا، دەل ئىككى سائەت بولىدۇ، بۇنداق ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە خىلتلار تولۇقلىنىدۇ، يەنى ئىچكى ئاجراتمىلار يېتەرلىك بولىدۇ.

2) **يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش (ئەتتەھىياتۇدا ئولتۇرۇش)** —— بىر كۈندىكى بەش ۋاق نامازدا جەمئىي 17 قېتىم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇلىدۇ. باش پەسكە ئازراق قىيسىپ ئىككى كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئېغىزدا ھەمدۇسانا، تەۋبە، دۇئا سۆزلىرى ئاۋازسىز ئوقۇلىدۇ. قىرائەت قىلغاندا ئېغىزنىڭ ئىككى قوۋزى چىقارغان شۆلگەيلەر قىيامدا تۇرغان ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. پەقەت قىيامدا تۇرۇش، ئەتتەھىياتۇدا ئولتۇرۇشتەك ئىككى تۇرلا، بىر كۈندىكى بەش ۋاق نامازدا 49 قېتىم، ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئۇزاقلىقتا بولۇپ، بەدەننىڭ ئىچكى ئاجراتمىلارنى چىقىرىش

رولىنى تەڭشەش، ياخشىلاش، جانلاندۇرۇشتا خېلىلا پايدىلىق رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يوكۇنۇپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا ئىككى پۇتنىڭ تاپىنى قوش هالقا پەللىسىنى بىۋاستە تىرەپ تۇرىدۇ، هەر قېتىملىق نامازدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇزاق ئولتۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىن، پۇتۇن بەدەننىڭ بېشى بىلەن ئىككى تىز ئۇگىسى ۋە قوش هالقا پەللىسى ئورنىدا قوجلۇشۇش ۋە ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. جۇڭگو تىبابەتچىلىكىدە: ”تىز پەيىنىڭ ئۇۋىسى“ دەپ قارىلىدۇ. مۇشۇنداق هەر كۈنلۈكى تىز ئۇگىسىنى نەچچە ئون قېتىم ئېگىپ بېسىش، شۈبهىسىزكى، مۇسكۇل ۋە سۆڭەكلەرنى چېنىقتۇرۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر. بولۇپمۇ ئادەم قېرىشقا باشلىغاندا، ئولتۇرغۇچ سۆڭەك نېرۋىلىرىنىڭ ئىككى پۇتقا تۇتىشىدىغان ئورنىنىڭ مۇشۇنداق ئۇزاق مەزگىللىك توختاۋسىز ئېگىلىپ بېسىلىشى كاسا ۋە پۇت مۇسكۇللىرى، تومۇرلىرى، نېرۋىلىرىغا نىسبەتەن ئۇۋۇلاش رولىنى ئويناپ، پۇتتىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىدۇ، ئىككى پۇتنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىكى مىكرولۇق قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ، يانپاش ۋە ئىككى پۇتتىكى هەرقايسى ئۇگىلەرنى تۇتاشتۇرغۇچى هالقىلارنىڭ ئېلاستىكلىكىنى كۈچەيتىدۇ، ئۇگىلارنىڭ هەرىكەتچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، بالدۇر قېرىپ-ئاجىزلاپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

3) **سەجدە قىلىش** —— بىر كۈندىكى بەش ۋاق نامازدا جەمئىي 64 قېتىم سەجدە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان كونكرېت تەلەپ: ئىككى قول ئالقىنى ئازراق كۆتۈرۈلۈپ، ئاۋۋال يەرگە قويۇلىدۇ، ئىككى قۇلاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ، ئىككى جەينەك كۆتۈرۈلىدۇ، كۆكرەك ئالدىغا چىقىرىلىپ، قورساق ئىچىگەرەك تارتىلىدۇ، قورساقنى يوتا يۈزىگە تەگكۈزۈشكە بولمايدۇ، جەينەك بىلەن جەينەك، جەينەك بىلەن تىز، جەينەك بىلەن كۆكرەك، كۆكرەك بىلەن يەر يۈزى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق چوقۇم بىر قوزا ئۆتەلىگۈدەك چوڭلۇقتا بولۇش ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ئېغىزدا ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم هەمدۇسانا ئوقۇلىدۇ، كۆپ ئوقۇش چەكلەنمەيدۇ. ئىككى پۇتنىڭ ئون بارمىقى چوقۇم يەرگە چىڭ تەگكۈزۈلۈپ، ئالدىغا قارىتىلىشى لازىم. بىر كۈندە مۇشۇنداق 64 قېتىم سەجدە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا:

بىرىنچىدىن، كۆكرەكنى چىقىرىپ، قورساقنى ئىچىگەرەك تارتىپ، كاسىنى كۆتۈرۈپ، ئىشتاناغىنى چىڭىتقانلىدىلا، ئاندىن سەجدە قىلغان ۋاقىتتا، كۆكرەك ئاستىدىن بىر قوزا ئۆتەلىگۈدەك بوشلۇق قالدۇرغىلى بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ناماز مەقبۇل بولمايدۇ، بۇ ئۈچ تۈرلۈك تەلەپ هەر كۈندىكى 64 قېتىملىق سەجدىگە مەهكەم تۇتاشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، كۈنلەپ، ئايلاپ مۇشۇنداق قىلىۋەرگەندە، قورساقتا ياغ يىغىلمايدۇ. كونىلاردا: ”ئىشتاناغ ئۇزۇن بولسا، ئۆمۈر قىسقا بولىدۇ“ دەيدىغان گەپ بار، گەرچە بۇ گەپلەر تەجرىبە ئاساسىدا ئېيتىلغان بولسىمۇ، بىراق هازىر ئىلىم-پەن تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. ئامېرىكا مېدىتسىنا ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ئادەمنىڭ قورساق قىسمىدىكى ياغ هۈجەيرىلىرىنىڭ هەرىكىتى بەدەننىڭ باشقا جايلىرىدىكى ياغ هۈجەيرىلىرىنىڭ هەرىكىتىدىن جانلىق بولۇپ، ئۇ، ياغ ماددىسىنى قان ئايلىنىش ئارقىلىق ئوڭايلا جىگەرگە كىرگۈزۈپ، جىگەردە كۆپ مىقداردىكى زىچلىقى تۆۋەن ياغ ئاقسىللىرىنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇ قان ئايلىنىشقا كىرىپ، قىزىل تومۇر تېمىغا چۆكۈۋېلىپ، زىچلىقى يۇقىرى ئاقسىلنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن، قان سۈيىتى، قان پلازمىسى، قاننىڭ يېپىشقاقلىق دەرىجىسى قاتارلىقلاردا بىر قاتار كېسەللىك ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىپ، هەر خىل قان سۇيۇقلۇقى مەنبەلىك كېسەللىكلەرنى ۋۇجۇدقا

www.uyghurkitab.com

چىقىرىدۇ، مەسىلەن، يۇقىرى ياغلىق قان كېسىلى، ياغلىق جىگەر كېسىلى، قىزىل تومۇر قېتىش كېسىلى، تاجسىمان قان تومۇرلۇق يۈرەك كېسىلى، شامال تېگىش، دىئابېت (شېكەر سىيىش) كېسىلى قاتارلىقلار.

ئىككىنچىدىن، ئىككى پۇتنىڭ ئون بارمىقىنىڭ ئالدىغا قارىتىلىپ يەرگە تەگكۈزۈلۈشى سەجدە قىلىش بىلەن بىرۋاقتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ، پۇتۇن بەدەننىڭ ئېغىرلىق مەركىزى ئالدىغا يۆتكىلىپ، كاسا قىسىم يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۈچ پۇت بارماقلىرىغا قايتقاچقا، پۇتنىڭ بارماقلىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان پەللە تولۇق ئېچىلىش بىلەن تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىپ، كونىنى چىقىرىش (بۆرەك پاسكىنا يەللەرنى چىقىرىدۇ)، يېڭىنى قوبۇل قىلىش (ساپ ھاۋانى قوبۇل قىلىش) بولىدۇ، بۇنداق پاسكىنىنى چىقىرىپ تاشلاپ، پاكىزنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق بۆرەك ساغلاملىنىپ، بەل كۈچىيىدۇ، پەقەت بۆرەك كۈچلۈك بولغاندىلا، ئاندىن ئادەملەرنىڭ بەدىنى قاۋۇل، مېڭىسى ئۆتكۈر، ھەرىكىتى چاققان بولىدۇ.

نامازدىكى باشقا ھەرىكەتلەر (قولاق قېقىش، دۇئا قىلىش، سالام بېرىش، رۇكۇ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ) گە كەلسەك، بىر كۈندىكى بەش ۋاق نامازدا جەمئىي 125 ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان ھەرقايسى ئاساسلىق چوڭ ئۇگىلىرى: بويۇن، بېغىش، جەينەك، مۈرە، بەل، يانپاش، تىز، ئوشۇق ۋە پۇت بارماقلىرىنىڭ ھەرىكەتكە قانچىلىك ئۇنۇمى بارلىقىنى سەھىيە جەكلىمىسىدىن بىرمۇبىر تەھلىل قىلمىدۇق.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلارنى يىغىنچاقلاپ ئېيتساق، ناماز ئوقۇش سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك ۋە ناھايىتى تەقۋادارلىققا تولغان دىنىي كەيپىيات ئىچىدە بەجا كەلتۈرۈلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ھەرگىزمۇ باشقا چېنىقىش پائالىيەتلىرىگە ئوخش نامازخاننىڭ كۆڭلى، ئوي-خىيالى جەمئىيەتنى بىر ياققا قالدۇرۇپ قويۇپ، تەبىئەتكە قايتىدۇ، ئىچى-تېشى پاكىز، تىنچ مۇھىتتا نامازنى تاماملايدۇ، ناماز ھەرىكەتلىرى ئايرىم ئەزالاردىن پۈتۈن بەدەنگە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، سىرتتىن ئىچكە قاراپ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ، قەلبدە نىيەت بولۇپ، بەدەن قەلبكە ئەگىشىپ ھەرىكەت قىلغاچقا، قەلبى جىمجىتلىق ئىچىدە تۇرۇپ بەدەن ھەرىكەت قىلىدىغان، ھەرىكەت ئىچىدە جىمجىتلىققا ئىنتىلىدىغان، جىمجىتلىق ئىچىدە ھەرىكەت بولىدىغان بىر خىل قوبۇل قىلىش، چىقىرىشقا يېتەكلەش گومپىسىنى يەنى ئەڭ ياخشى بەدەن يۇمشىتىش گىمناستىكىسى ۋە يويۇنۇش-ئۆۋۈلاش ماھارىتىنى شەكىللەندۇرگەن؛ بولۇپمۇ ناماز بامدات (تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن) ۋە نامازشام (كۈن ئولتۇرۇپ 15 مىنۇت ئۆتكەندە) ۋاقتىدا، ئادەم بەدىنىدىكى ماغدۇر ۋە قان ئىچىدىن تېشىغا چىقىدۇ، تەبىئەتتىكى ھاۋا سىرتتىن ئىچكە كىرىدۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەم بەدىنىدىكى ماغدۇر ۋە قان تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەنپى تەكشىلىك بىلەن مۇسبەت يوشۇرۇنلۇقنىڭ تەڭشىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ، ئومۇمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، ناماز ئوقۇش يۈرەكنى ئاسراپ، بۆرەكنى قوغدايدۇ، ھېسسىيات ۋە ئىرادىنى تاۋلايدۇ، يەنى سۇ، ئوتنى ئاساس قىلىپ، پاكىزلىق، جىمجىتلىق ۋە ھەرىكەتنىڭ ماس بىرلىكىنى ئاچقۇچ قىلىپ، ھەق بىر (بىر مەنبە) گە بولغان ئېتىقاد ئارقىلىق ئۈچ ئامىل (سۇ، ئوت، ھاۋا) نى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئايرىم ھەرىكەتلەرنى پۈتۈن بەدەنگە ۋەكىل قىلغۇزۇش، ئايرىملىقنى بىر پۈتۈنلۈك بىلەن ئىگەللەش ئارقىلىق ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، ئۆزئارا تىزگىنلەش، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئۆمۈر (داۋامى 48-بەتتە)

# «قۇرئان كەرىم»دىكى سودا ۋە سودا ئەخلاقىغا دائىر بەزى چۈشەنچىلەر

◆ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كالامى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلۇغلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىگە سىغدۇرغان مەزمۇنىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن 1400 يىلدىن بۇيان بۈيۈك قامۇس سۈپىتىدە جىمى مۇسۇلمانلارنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن ئىلىم ئەھلىنىڭ قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە.

«قۇرئان كەرىم»دە سودا ۋە سودا ئەخلاقىغا دائىر چۈشەنچىلەر گەرچە مەلۇم بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ نۇقتىلىق بايان قىلىنغان بولمىسىمۇ، بىراق بىرقانچە سۈرە ۋە ئايەتلەردىكى مەزمۇنلار مۇكەممەل سىستېما ھاسىل قىلغان بولۇپ، سودىگەرلەرنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتىنى ئەخلاقىي مىزان ۋە ئۆلچەملەر بىلەن تەمىن ئەتكەن.

ئىسلام دىنىدا سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش ھالال كەسىپ قاتارىدا ئۇلۇغلىنىدۇ، يەنى ئۇنىڭغىمۇ شەخسنىڭ ھالال ئەمگىكى سىڭگەن دەپ قارىلىدۇ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مېھنەت قىلىپ ياشاش ئىسلام دىنىدا ھەممىدىن بەك تەكىتلىنىدىغان ھالال ئىشتۇر. شۇڭا مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە يۆلىنىپ يېگەن تامىقى ئەڭ ھالال تاماقتۇر، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكىگە يۆلىنىپ ياشايتتى". بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا "جۇمۇئە" سۈرىسىدىمۇ **"ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا! زېمىنغا تارىلىپ، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار"** (62-سۈرە، 10-ئايەت) دېيىلگەن. ئىسلام دىنىدا قەيت قىلىنىشىچە، پەقەت قىيامەت كۈنىلا سودا-سېتىق بولمايدۇ، ئۇنىڭغىچە ئىنسانلار ئۆز ھاياتىنى ساقلاش، جېنىنى ئوبدان بېقىش ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلىدۇ، سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ سودىدا ھەركىم ئۆز ئەجرى، رىسقى، نېسىۋىسىگە ھەم نىيەت-ئىقبالىغا لايىق پايدىغا، تۇرمۇش مەئىشەتلىرىگە ئېرىشىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىدە، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە سودا-سېتىق ئىشلىرىغا (جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكىگە ۋە بۇ دۇنيادىكى بەخت-سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلىرىغا) قارىتا كەڭ يول قويۇش، قوللاپ-قۇۋۋەتلەش گەرچە مەركەزلىك ئورۇندا تۇرمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن سودىگەرچىلىك پەزىلىتى (جۈملىدىن ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئۆلچىمى) ۋە شۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com



مۇناسىپ ھالدا ئاڭلىق ھەم چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار سودا-سېتىق ئەخلاقى قانۇن تۈسىگە ئىگە بولغان ئاساستا بېكىتىلگەن. بۇ بەلگىلىمىلەر ئىسلام دىنى روناق تاپقان 1400 يىلدىن بۇيان ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمان بەندىلەر سودا-سېتىق ئىشلىرىدا ئۆزلۈكىدىن رىئايە قىلىدىغان كىشىلىك ئەخلاق-پەزىلەتكە ئايلانغان، تارىختىن بۇيان سودا-تىجارەتكە ماھىرلىقى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا نام چىقارغان ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. بولۇپمۇ ئىمانى كامىل، دىلىدا ئاللانى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىپ تۇرىدىغان پەزىلەتلىك سودىگەرلىرىمىز ئەنە شۇ سودا-سېتىق ئەخلاقىنىڭ ئىزچىل ھامىيچىلىرىدىن بولۇپ، روناق تېپىپ، ئىناۋەت تىكلەپ، داڭقىنى يىراق-يېقىنغا تارتىپ، تەسىرىنى كېڭەيتىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە ۋە ھۆرمىتىگە ھەر ۋاقىت سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. بىراق، شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، ھازىر ئارىمىزدا نۇرغۇن سودىگەرلەر ۋە ئېلىپ-ساتارلار بۇ خىل ئېسىل سودا-سېتىق پەزىلىتىدىن چەتنىگەن ھالدا، پايدا ئېلىش، مال-دۇنياغا بېرىلىش ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاللاتائالانىڭ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە، چاقىرىقىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئادىمي ئەخلاق، ئەقەللىي ئىنساپ-دىيانەتنىمۇ يوقاتماقتا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلماقتا، بۇنداقلارنى ئاللاتائالامۇ، كىشىلىك ۋىجدانمۇ، قانۇنمۇ كەچۈرمەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز سودىگەرلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان: "ئەڭ پاك كەسىپ شۇنداق سودىگەرلەرنىڭ كەسىپدۇركى، ئۇلار سۆزدە يالغان ئېيتمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، نەرسە سېتىۋالغاندا ئۇنى كەمستمەيدۇ، نەرسە ساتقاندا ئۇنى كۆپتۈرۈپ داڭلىمايدۇ، ئۆز ئۈستىدىكى قەرزنى ئادا قىلىشتا كېچىكتۈرمەيدۇ ۋە قولى قىسقا ئادەملەردە ئېلىشى بولسا قىستىمايدۇ". «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەر سودا-سېتىق ۋە سودىگەرچىلىك ئەخلاقىغا دائىر چۈشەنچىلەر ئېنىق، ئىخچام، چوڭقۇر ھەم ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئاساسەن، مۇنداق بەش تۈرلۈك مەزمۇن كېلىپ چىقىدۇ:

بىرىنچى، سودىدا ئادىل بولۇش.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ 17-، 26-، 83-، 11-سۈرىلىرىدە سودىدا ئادىل بولۇش، تارازا-ئۆلچەمدە توغرا بولۇش، ساختىلىق قىلماسلىق، تارازا-ئۆلچەمدىن كەم بېرىپ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىق ھەققىدە بىۋاستە، ئېنىق بايانلار بار. **"ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار"** (11-سۈرە، 85-ئايەت). **"ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار، كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار، (نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار"** (26-سۈرە، 181-، 182-، 183-ئايەتلەر). **"سىلەر (باشقىلارغا ئاشلىق قاتارلىقلارنى) ئۆلچەپ بەرگەندە تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار، بۇنداق قىلىش (سىلەرگە دۇنيادا) ياخشىدۇر، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبداندۇر"** (17-سۈرە، 35-ئايەت). **"ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بېرىدۇ"** (83-سۈرە، 1-، 2-، 3-ئايەتلەر).

ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن باشقىلارنى قارا باستۇرۇش ساختىپەزلىك قىلىش ھەقىقەتەن ئىنسانىي پەزىلەتكە يات، قاباھەتلىك قىلمىشتۇر.

بۇنداق قىلغان كىشىلەر ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭ پۇتىغا پالتا چاپىدۇ، تۆگمەدەك پايدىنى دەپ تۆگىدەك پايدىدىن قۇرۇق قالىدۇ. سودىگەرلەرنىڭ سودىدا ئادىل بولۇشى باشقىلار ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئۆزى ئۈچۈندۇر، ئۆزىنىڭ روناق تېپىشى، بەرىكەت تېپىشى ئۈچۈندۇر.

**ئىككىنچى، سودىدا ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، لەۋزىدە تۇرۇش، توختام تۈزۈش، ئىناۋەتلىك سودا قىلىش.**

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، راستچىل بولۇش ئىسلام دىنىدا كۆپ تەكىتلىنىدىغان ئىمان ئەمەللىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرىدۇر. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، لەۋزىدە تۇرۇش مەيلى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە بولسۇن شۇ شەخسنىڭ پۈتۈن ئوبرازى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئىتى بىلەن شۇنداقلا قارشى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ئەگەر ۋەدە، توختام بويىچە سودا قىلىنمىسا ئىناۋەتلىك سودىغا خەۋپ يېتىدۇ، ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغان ھەتتا توختامغا خىلاپلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سودىگەر ئۆزىنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى ئىنسانىي پەزىلىتىگە داغ تەگكۈزۈش، ئىناۋىتىنى تۆكۈش، ئۆزىگە زىيان سېلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە قارشى تەرەپنىڭ مەنپەئىتىنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئۇنداق گۇناھلىق ئىشنى ئاللاتائالامۇ كەچۈرمەيدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە دەل شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۈرە ۋە ئايەتلەر نازىل قىلىنغان. "**سىلەر ئەھدە تۈزۈشكىنىڭلاردا ئاللانىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمىڭلارنى** (ئاللانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) **پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار، چۈنكى سىلەر ئاللانى گۇۋاھچى قىلدىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللا قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ**" (16-سۈرە، 91-ئايەت). "**ئاللاغا بەرگەن ئەھدىنى، قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە** (ئاللانىڭ رەھمىتىدىن) **ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاتائالا ئۇلارغا** (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) **سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا** (رەھمەت كۆزى بىلەن) **قارىمايدۇ، ئۇلارنى** (گۇناھلىرىدىن) **پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ**" (3-سۈرە، 77-ئايەت). "**ئى مۆمىنلەر! بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى** (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) **ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا-سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا**" (4-سۈرە، 29-ئايەت).

**ئۈچىنچى، جازانىخورلۇق، بېسىمدارلىق قىلماسلىق.**

ئىسلام دىنىدا سودىگەرلەرنىڭ ئۆزئارا قەرز ياكى ئۆتنە بېرىشكەن پۇل ۋە مال-مۈلكىدىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن نىسبەتتە ئۆسۈم ئېلىشى ھارام دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدا، بايلارنىڭ كەمبەغەللەرگە، قولى ئۇزۇنلارنىڭ قولى قىسقىلارغا، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارغا پۇل ۋە مال قەرز بېرىشى، ئۇلارغا ئىمكانىقەدەر خالىسانە يار-يۆلەك بولۇشى مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىسى، ئاللاتائالا ئالدىدىكى ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلىدۇ.

ئىسلام دىنىدا جازانىنىڭ ھارام ھېسابلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، جازانىدىن كېلىدىغان ناھەق پايدىغا جازانىخورنىڭ ھېچقانداق ھالال ئەمگىكى سىڭمىگەن بولىدۇ؛ جازانىخور ئەگەر پۇل قەرز ئالغۇچىلارغا ياكى مال-مۈلۈك ئۆتنە ئالغۇچىلارغا بېسىم ئىشلەتسە گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۈرىلەردىن بۇنىڭ ئېنىق دەلىلىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. "**جازانە، ئۆسۈم يېگەن**

uyghurkitap.com

ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللا هارام قىلغان ئىشنى هالال بىلىپ: 'سودا-سېتىق جازانىگە ئوخشاش، (جازانە نېمىشقا هارام بولىدۇ؟)' دېدى. ئاللا سودا-سېتىقنى هالال قىلدى، جازانىنى (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە، جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) هارام قىلدى" (2-سۈرە، 275-ئايەت). "ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار" (3-سۈرە، 130-ئايەت). سودىگەرلەر ئارىسىدىكى نائىنساپلىقنى ۋە بىر-بىرىنىڭ هەققىنى يەۋېلىش ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشىدىغان بۇنداق يامان ئىشلارنى ئىسلام دىنى ئەزەلدىن چەكلەيدۇ.

**تۆتىنچى، پۇل ۋە مال-مۈلۈكنى ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىش، غېرىب-مىسكىنلەرگە يار-يۆلەك بولۇش.**

ئىسلام دىنىدا سودىگەرلەرنىڭ پۇل ۋە مال-مۈلكىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىشى، خەير-ئېھسان قىلىشى پەرز ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاتائالا جىمى خەلققە، جۈملىدىن يېتىم-يېسىر، غېرىب-مىسكىنلەرگە سودىگەردىن ئىبارەت بۇ بىر تائىپە ئادەملەر ئارقىلىق مېھىر-شەپقەت يەتكۈزىدۇ. شۇڭا سودىگەرلەرنىڭ رىسقى كەڭ، تۇرمۇش مەئىشەتلىرى مول يارىتىلغاندۇر. ئەگەر ئۇلار ئاللاتائالا ئاتا قىلغان ئامەت ۋە بايلىقنى ئاۋام مەنپەئەتى ۋە ياخشى ئىشلار ئۈچۈن ئىشلەتمەي ئۆز نەپسىگىلا بېرىلىپ، بېخىللىشىپ، ئاچكۆزلىشىپ كېتىۋەرسە، تويماس نەپسىنى دەپ ئاللاتائالا كۆرسەتكەن توغرا يول، ھەق ئىشلاردىن ۋازكەچسە، ئۇلارنىڭ تاپقان بايلىقى ئۇلار ئۈچۈن ھارامدۇر، بۇ دۇنيالىق تىجارىتى بەرىكەتسىزدۇر، ئاخىرەتلىكى ئازابلىقتۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ياخشى ئىش، خەير-ئېھساننىڭ دەلىلى بولغان زاكات ۋە سەدىقە توغرۇلۇق سۈرە-ئايەتلەر بار. بولۇپمۇ ئاۋام مەنپەئەتكە پايدىلىق، ھەم ئاۋام ئورتاق بەھرىمەن بولالايدىغان ئىشلارغا پۇل-مال سەرپ قىلىش ئىسلام دىنىدا ھەممىدىن بەك ئۇلۇغلىنىدىغان ساۋابلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، مەكتەپ قۇرۇش، مەسچىت سېلىش، غېرىب-مىسكىنلەرگە نەزىر بېرىش قاتارلىقلار. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئى مۆمىنلەر! سودا-سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللانىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. كۇفرانى نېمەت قىلغۇچىلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر" (2-سۈرە، 254-ئايەت). "كىمكى ئاللاغا قەرزىي ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللانىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، ئاللا ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. ئاللا (سىناش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ" (2-سۈرە، 245-ئايەت). "ئاللانىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللا ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ" (2-سۈرە، 195-ئايەت).

**بەشىنچى، ئاللا بەرگەن مال-مۈلۈكنى خالىغانچە ئىسراپ قىلماسلىق، بۇزۇپ-چاچماسلىق.**

بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرى چەكسىزدۇر، ئاللا خالىغان ئادەملەرنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلدى، ئۇلارنى مال-مۈلۈكتىن خالىغىنىچە بەھرىمەن قىلدى، بىراق بۇ، ئۇلار بۇ پۇل ۋە مال-مۈلۈكلەرنى خالىغانچە

بۇزۇپ-چاچسا، بەخەجلىك قىلسا، ئىسراپچىلىق قىلسا بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بولۇپمۇ ھازىر بىر قىسىم تىجارەتچىلەر پۇل تاپقاندىن كېيىنلا تويىماس نەپسىگە قارىغۇلارچە بېرىلىپ، شۆھرەتپەرەسلىك، سۆلەتۋازلىق قىلىشىپ، ئۆزىدىنمۇ رىزقى كەمگەلەرگە، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىگىلىك تىكلەۋاتقانلارغا ۋە جاھان تەرەققىياتىغا كۆز سالماي ھاماقەتلەرچە ياشاۋاتىدۇ: ياراتقان ئىگىسىنى ئۇنتۇپ، نامرات، قالاق قەۋم-قېرىنداشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، كەيپ-ساپا كوچىلىرىدا ئەيش-ئىشرەتكە پېتىپ، خۇدىنى بىلەلمەي يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. ئىسلام دىنىدا ئىسراپچىلىق، كەيپ-ساپاغا ئوخشاشلا ئىنتايىن يامان كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر. بىزنىڭ تۇرمۇش ئەنئەنىمىزدە ئىسلام دىنىنىڭ ئىسراپچىلىقنى يامان كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر، مەسىلەن، تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماسلىق، يېمەكلىكنى يەرگە تۆكۈۋەتمەسلىك، ناننى يەرگە تاشلىماسلىق، ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ ئېلىۋېتىش، ئوتۇننىڭ پارچىلىرى ۋە تەمەچنى تېرىپ ئوتقا قالىۋېتىش قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دىنىدىكى روزا تۇتۇش ۋە تاماقنى بەك تويۇنۇپ يېمەسلىك، ئاددىي بولسىمۇ پاكىز كىيىنىش قاتارلىق پەرز، سۈننەتلەردىمۇ ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش خاھىشى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىمۇ ئىسراپچىلىققا ياتىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلماسلىق ھەققىدە ئېنىق بايانلار بار. **"ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (پاكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىنى سەترە قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىملىرىنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ"** (7-سۈرە، 31-ئايەت). **"تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير-ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن. (پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن، ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر"** (17-سۈرە، 26—27-ئايەتلەر).

ئىسراپچىلىق ئاخىرقى ھېسابتا ئىسراپخورنىڭ ئۆزىنى تۈگەشتۈرىدۇ. ئىسراپخور سودىگەر باي بولۇشقا مىڭ تىرىشسىمۇ تاپقان پۇلىنىڭ بەرىكىتى، ئۇنۇمى بولمىغاچقا مەڭگۈ باي بولالمايدۇ. دىيانەتلىك سودىگەرلەر بايلىقى ئېشىپ-تېشىپ تۇرسىمۇ ئورۇنسىز بۇزۇپ-چاچماي، بەلكى پۇل-مېلىنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، ئۆزى ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ كەمبەغەل، ئاجىزلارغا سەدىقە بېرىشنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماي، ئاللاتائالانىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئاۋام خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ تۇرغاچقا، ئۇلار ھەر ئىككى دۇنيادا بەخت-سائادەتنى تاپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق تەۋسىيە قىلغان: "ئىسراپ قىلماستىن ۋە چوڭچىلىق قىلماستىن يەڭلار، ئىچىڭلار، كىيىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار".

قىسقىسى، «قۇرئان كەرىم» دىكى سودا ۋە سودا ئەخلاقىغا دائىر چۈشەنچىلەر رېئال تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كەتكەن، كىشىلەرنى ھىدايەتكە، دىيانەتكە يېتەكلەيدىغان مۇكەممەل ئەخلاقىي مىزاندۇر، ھەرقانداق سودىگەر بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ زورلىشى، بېسىم ئىشلىتىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى دىلىدىكى پاك ئېتىقاد كۈچى، ئىنسانىي پەزىلىتى، كىشىلىك ۋىجدانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئەمەل قىلسا ناھايىتى ئۇلۇغ، بەرىكەتلىك ئىش قىلغان بولىدۇ، ئىككىلا دۇنيادا سائادەتمەن بولالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# مۆمىن مۇسۇلمانلىقتىن مەھرۇملاشمايلى

## ("م"غا مۇجەسسەملەنگەن مۇراجىئەت)

ئابدۇلېتىپ مامۇت

مۆمىنلىك مۇسۇلمانلارغا مەخسۇس مەنسۇپلانغان مەشھۇر مەرتىۋە، مۇسۇلمانلارنى مەھشەرگاھتىكى مۇشەققەتتىن مۇستەسنالايدىغان مۇھىم مەردانىلىك، مەھەللىماكانلارنى مەمۇرچىلىققا مۇشەررەپلەيدىغان "مېھرىگىياھ"تۇر.

مەسلەكداشلارغا مەلۇمكى، مەملىكىتىمىزدىكى مىليونلىغان مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلىقتا مۇشەررەپلىك مابەينىدىلا مۆمىنلەرنىڭ مەشھۇر "ماياك"ى مۇھەممەد مۇستاپانىڭ مۇقەددەس مەرۇپلىرىنى مېڭىسىگە مۇستەھكەملەپ، مۆمىنلىك مىزانىدا مۇۋاپىق مېڭىپ، مۇشۇ مەنزىلدە بېيىلەپ چىقالايدۇ. ئەر-ئاياللار پەزىلەتلىك بولسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي مۇھەببەت، ساداقەت ئورنايدۇ، بىر-بىرىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغان ھەم بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان بولىدۇ، بىرەرسى بىلمەستىن سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسىمۇ قارشى تەرەپ ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن قوغدىلىپ تۇرغان ئائىلىۋى تۇرمۇشى مەڭگۈ بەختلىك بولىدۇ،ئەۋلادلىرىمۇ بۇنىڭدىن ياخشى تەسىر ۋە ئۈلگە ئېلىپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادى ۋە شۇنىڭغا ماس ئەخلاق-پەزىلىتىنى ئۆلگۈچە يوقاتمايدىغان يارامىلىق، ئېسىل ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

دېمەك، ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۆز ۋۇجۇدىدا جىسمانىي پاكلىقنى، قەلبىدە ئەنە شۇنداق مۇھىم مۇدۇرۇلمەس مۇنار مەۋجۇتلىغان. مۇسۇلمان مىللەتداشلار مۇرۇۋۋەتلىك موللا-مۇدەررىسلەرنىڭ مەسئۇللۇقىدا مۇقىملىق مىزانىغا ماسلىشىپ، مۇناپىقلىق، مەلئۇنلۇققا مىلەنمەي ماڭغاچقا، مەھەللىماكانلىرىمىز مەئىشەتكە موللۇقتا، مىللەتداشلىرىمىز مېھنەتكەشلىكتە، مېھماندوستلۇقتا، مەردۇمەردانىلىكتە مەشرىقتىن مەغرىبكىچە مەشھۇرلانغان.

مادامىكى، مىللەتداشلار مۇسۇلمانچىلىق مەشئىلىنى مىلىسىز مەۋجەلەندۈرۈپ، مۇقىملىق مۇنارىنى مۇستەھكەملەپ مېڭىۋاتسىمۇ. مۆمىنلىك پەزىلەت ۋە خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەختىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرەلەيدىغان ئالىيجاناب كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا ئاللاتائالانىڭ رازىلىقىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بارلىق مۇسۇلمانلار ئاللاتائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن پارلاق يولغا مېڭىپ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىپ، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن ئىنسانىي قىياپىتىمىزنى ھەقىقىي ئىسلام ئەھلىگە خاس بېزەپ، ھەر ئىككى دۇنيادا سائادەتمەن مۇسۇلمان بولۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئىككىلا دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە مۇيەسسەر قىلغاي، ئامىن!

مۇناپىقلىقنى مۇپەسسەل مۆلچەرلىيەلمىگەن مەلۇم مىللەتداشلار مۇسۇلمانچىلىقتەك مۇھىم، مۇقەددەس مەرتىۋىنى مەينەتلەشتۈرۈپ، مۇدھىشلىق ماكانىغا ماڭماقتا. مۆمىن مۇسۇلمانچىلىقنىڭ مۇقەددەس مىزانلىرىنى مەنسىتمەي، مەزھەپچىلىك، مەھەللى-ۋازلىق مازارلىرىدا مۈگداۋاتقان مەلۇم ماكانداشلى-رىمىز مىسقالچە مەنپەئەت ئۈچۈن مارجان-مەرۋايىتىنى مەبۇتلاشتۇرۇپ، مەرىكە-مېھماندارچى-لىقنىڭ مالامەتلىك مۇھاسىرىسىدە مەزلۇملاردەك مۇڭلانماقتا؛ مۇنداق مودا مەنمەنلىكنىڭ مەزلۇم-ىسىمان مالايلىرى مەيخانا، ماجاڭخانىلاردا مەي-مۇسەللەسكە مىلىنىپ، مەستچىلىكتە ماجىرالىشىپ مۇشتىلاشماقتا. "مانانلىق موخوركا"نىڭ مۇستەبىتلىكىدە مىجىلىۋاتقان مۇئەييەن مىللەتداشلىرىمىز مۇسۇلمانلىقتىن مەھرۇملىشىپ، مۇناپىق مەلئۇنلارنىڭ مىقياسىنى موللاشتۇرۇپ، مەلۇماتلىق، مىللەتپەرۋەر مۇسۇلمانلىرىمىزنى مەيۈسلەندۈرمەكتە، مۇشرىك-مەجۇسىيلارنىڭ مەسخىرە مۇھاسىرىسىدە مۇجىلۇۋاتقان مۇسۇلمانلىرىمىزمۇ مۇشۇ مىساللارغا مەنسۇپتۇر.

مۇلاھىزە: مۇشۇنداق مېڭىۋېرسەك مەمۇرچىلىق مەنزىلىدىن مۇدھىشلىق ماكانىغا مەنسۇپلانمايمىزمۇ؟ مەھشەرگاھتا مالائىكىلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدە مىجىلمايمىزمۇ؟

مۆھتەرەم مۆمىن مۇسۇلمانلار، مۆمىنلىككە مۇشەررەپ ماكانداشلار! مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىغا مەنسۇپ «مۇسۇلمانلار» مەتبۇئاتىدا مېنىڭ مۇراجىئىتىم مۇنداقكى: مەھشەرگاھتىكى مىسلىسىز مۇشەققەتتىن مۇداپىئەلىنىشچۈن مۆمىن مۇسۇلمانلىقتەك مۇقەددەس "مەشئەل"دىن مەھرۇملاشمايلى، مۇتەپەككۇر موللىلارنىڭ، مۇدەررىس، مۇپەسسىرلارنىڭ مەرۇپ-مەسلىھەتلىرىنى مېڭىمىزگە مەھكەملەشتۈرۈپ، مۆمىنلىك مەۋقەيىمىزنى مۇستەھكەملەپ، مۇشۇ مەنزىلدە مۇدۇرۇلمەي، مۇۋاپىق ماڭايلى. مەزھەپچىلىك، مەھەللىۋازلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك مازارلىرىدا مۈگدەۋەرمەي، مىللەتداشلار مۇناسىۋىتىدە مېھرىبانلىقنى موللاشتۇرۇپ، مۇھەببەت مېۋىزارلىقىنى مەيباغلاشتۇرايلى! مېڭىمىزنى مۇنەۋۋەرلەشتۈرۈپ، مۇشۇ مۇساپىدە مۆچەرلىگۈسىز ماھارەتنى مۇجەسسەملەپ، مىسلىسىز مۆجىزىلەرنى مەۋجۇتلايلى! مۇشۇنداقلا ماڭساق ماكانىمىزنى مەئىشەتكە موللاشتۇرۇشىمىز، مەمۇرچىلىققا، مەمنۇنلىققا مۇيەسسەرلىنىشىمىز، مەزمۇت "ماياك"ىمىز مۇھەممەد مۇستاپانىمۇ مەمنۇنلاشتۇرۇپ، مەھشەرگاھتا مەشھۇر مەرتىۋىگە مۇشەررەپلىنىشىمىز مۇقەررەر!

## ئاجىز - مېيىپلارنىڭ شەپقەتچىسى

قاراشەھەر ناھىيە دەنزىل يېزا مازار كەنت 3-گۇرۇپپىدىكى مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ھوشۇر ھېيت 1997-يىل 10-ئاينىڭ 7-كۈنى ناھىيىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىگە 1000 يۈەن نەق پۇل ئەكىلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئاجىز، مېيىپلارغا بولغان مېھىر-شەپقىتىنى ئىپادىلەپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

(ئوسمان تۇرسۇن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ 8-نۆۋەتلىك دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمەت دەرىجىلىك خەلقئارالىق تەشكىلاتى بولۇپ، "ئىسلام ئەللىرى يىغىنى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1969-يىلى 9-ئايدا 26 ئىسلام دۆلىتىنىڭ دۆلەت باشلىقى ۋە ۋەكىللىرى ئۆمىكى مەراكەش (مەغرىب) پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى رابات شەھرىدە تۇنجى قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مەخسۇس مۇزاكىرە ۋە مەسلىھەت قىلىشقانىدى. 1970-يىلى 3-ئاي ۋە 12-ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھرى ۋە پاكىستاننىڭ كاراچى شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام ئەللىرى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىدا ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى قۇرۇش قارار قىلىنغان ۋە تەشكىلات خارتىيىسى (نىزامى) تۈزۈپ چىقىلغانىدى. 1971-يىلى 5-ئايدا بۇ تەشكىلات رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ سېكرېتارىياتى (كاتىبات باشقارمىسى) سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھرىدە تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام ئەللىرى باشلىقلىرى يىغىنى 1974-يىلى پاكىستاننىڭ لاھور شەھرىدە، 1981-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تائىف شەھرىدە، 1984-يىلى مەراكەشنىڭ كەسابۇلانكا (دارىل بەيدا) شەھرىدە، 1987-يىلى كۇۋەيتتە، 1991-يىلى سېنېگالنىڭ داكار شەھرىدە، 1994-يىلى يەنە كەسابۇلانكا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن.

"ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى خارتىيىسى"دە بەلگىلىنىشىچە، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى: ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش؛ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ۋە ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىشكە تىرىشىش، ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش؛ پەلەستىن خەلقىنىڭ مىللىي قانۇنىي ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۆز يۇرتىغا قايتىش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەش؛ ئادىللىق ئاساسىغا قۇرۇلغان دۇنيا تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى زورۇر ئۇسۇللارنى قوللىنىپ قوللاش؛ ئەزا دۆلەتلەر بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىنى بولۇپ، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدۇ؛ ئۇنىڭ سىياسىي ئورگىنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى بولۇپ، ھەر يىلى مەلۇم بىر ئەزا دۆلەتتە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى دائىمىي

كاتىبات باشقارمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا نۇرغۇن خىزمەت تارماقلىرى تەسىس قىلىنغان. ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىغا قاراشلىق ئورگانلاردىن: ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى، ئىسلام ئاخبارات ئاگېنتلىقى، ئىسلام ئەللىرى رادىئو-تېلېۋىزىيە تەشكىلاتى، ئىسلام ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى مەسىلىلىرى مەخسۇس كومىتېتى، ئىسلام ئىلىم-پەن، تېخنىكا تەرەققىياتى ساندۇقى (فوندى)، ئىسلام سەنئەت ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى، ئىسلام ئەللىرى پايتەختىنىڭ تەشكىلي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىستاتىستىكىلىرى تەتقىقات مەركىزى، ئىسلام تەرەققىيات فوندى، ئىسلام ئادالەت سوتى، ئىسلام مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى قاتارلىقلار بار، بۇ ئورگانلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش يۈرگۈزىدۇ، كاتىبات باشقارمىسى ئاردا ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت "ئىسلام دۆلىتى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەر ئەسلىدىكى 26دىن تەرەققىي قىلىپ هازىر 55كە يەتتى؛ ئۇلار ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا، لاتىن ئامېرىكىسى قاتارلىق قىتئەلەرگە جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا ھەممىدىن كۆپ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ تەشكىلات يىغىنىغا كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتنىشىدىغان دۆلەت، تەشكىلات ۋە خەلقلەرمۇ بار.

هازىر دۇنيا بويىچە 1 مىليارد 200 مىليون مۇسۇلمانغا ۋاكالىتەن بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەر (ئىسلام دۆلەتلىرى) تۆۋەندىكىچە:

ئاسىيادىن 26 دۆلەت: ئافغانىستان، بەھرەين، بېنگال، ئىران، ئىراق، ئىئوردانىيە، كۇۋەيت، لىۋان، مالايشىيا، مالدىۋى، پاكىستان، ئومان، پەلەستىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى، سۈرىيە، تاجىكىستان، تۈركىيە، تۈركمەنىستان، يەمەن، ھىندونېزىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، قاتار، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئەزەربەيجان، ئۆزبېكىستان؛

ئافرىقىدىن 27 دۆلەت: ئالجىرىيە، بېنىن، بىرونى، بۇركىنافاسو، گامبىيە، گابون، گىۋىنىيە، گىۋىنىيە بىسائو، جىبۇتى، كامېرون، كوموروس، لىۋىيە، مالى، ماۋرىتانىيە، مىسىر، موزامبىك، مەراكەش (مەغرىب)، نىگېر، نىگېرىيە، چاد، سېنېگال، سىيرالېئون، سۇدان، سومالى، توگو، تۇنىس، ئۇگاندا؛

ياۋروپادىن بىر دۆلەت: ئالبانىيە؛

لاتىن ئامېرىكىسىدىن بىر دۆلەت: سۇرىنام؛

بۇلاردىن باشقا، ياۋروپادىن: بوسىنىيە، ئافرىقىدىن ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى، كوتېدىۋۇئېر، لاتىن ئامېرىكىسىدىن گۇيانا دۆلەتلىرى ھەممە ئاسىيادىن سىپرۇستىكى يەرلىكلەر، فىلىپپىندىكى مورو مىللىي ئازادلىق فرونتى قاتارلىقلار بۇ تەشكىلاتنىڭ كۆزەتكۈچى ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى 1975-يىلدىن تارتىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا كۆزەتكۈچى ئورنىغا ئىگە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 36-نۆۋەتلىك يىغىنى "بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ھەمكارلىقى توغرىسىدا قارار" ماقۇللىغانىدى.

1997-يىل 12-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 11-كۈنىگىچە ئىراننىڭ تېھران شەھرىدە ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدىغان دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ قېتىمقى يىغىن بۇ تەشكىلاتنىڭ 8-قېتىملىق دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن 12-ئاينىڭ 7-، 8-كۈنلىرى ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىغا ئەزا 55 دۆلەتتىن 54 دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ۋە ۋەكىللىرى بۇ تەشكىلاتنىڭ

سىياسىي ئورگىنى بولغان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى ئېچىپ، 9-كۈنى ئېچىلىدىغان دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىغا سۇنۇلىدىغان 142 تۈرلۈك قارارنامە ماقۇللىنىدى.

8-نۆۋەتلىك دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىغا بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان 55 دۆلەتتىن ئافغانىستاندىن باشقا 54 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىچىدە 30 نەچچە زۇڭتۇڭ، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ، ئەمىر (دۆلەت باشلىقى)، ۋەلى ئەھدى (پادىشاھ ۋارىسى) ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بار. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئاننان ۋە ئەرەب ئەللىرى بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپى مەجىد قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرىمۇ يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلدى ۋە يىغىننى تەبرىكلىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن بۇ تەشكىلات قۇرۇلغاندىن بۇيانقى يىغىنلار ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ زور بولغان يىغىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىغا سۇنۇلغان 142 تۈرلۈك قارار- نامە ۋە «تېھران خىتابنامىسى» ماقۇللاندى. بولۇپمۇ «تېھران خىتابنامىسى» بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ كونكرېت نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ خىتابنامىدا ئىسلام ئەللىرى ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، ئىنچىلىق ۋە بىخەتەرلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ۋە ماسلىشىشنى مۇستەھكەملەشنىڭ زۆرۈرلۈكى قايتىدىن بايان قىلىنغان؛ ئىسلام ئورتاق بازىرى بەرپا قىلىشنىڭ ئىسلام ئەللىرى ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ خەلقئارا سودىدىكى سالمىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى مۇھىم بىر قەدەم ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن؛ ئىسرائىلىيىنىڭ پەلەستىن ۋە ئەرەب زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىنى، ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى ئەيىبلىنىش بىلەن بىرگە، پەلەستىن، سۈرىيە ۋە لىۋان خەلقىنىڭ ئىسرائىلىيە ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرىشى قوللاپ-قۇۋۋەتلەنگەن؛ بولۇپمۇ ھەر خىل شەكىلدىكى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى قاتتىق ئەيىبلىنىش بىلەن بىرگە، ئىسلام ئەللىرىنىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش سالمىقىنى كۈچەيتىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن ھەمدە خەلقئارا جەمئىيەتتىن تېررورچى ئۇنسۇرلارغا پاناھلىق بەرمەسلىك، تېررورچى ئۇنسۇرلارنى قانۇن تورىغا ئېلىش؛ شۇنداقلا تەدبىر قوللىنىپ، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنى بىكار قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

خىتابنامىدا يەنە، ئوتتۇرا شەرقنى يادرو قوراللىرى بولمىغان رايون قىلىپ قۇرۇش، ئافغانىستاندا تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يىغىن داۋامىدا ھەرقايسى ئەللەر رەھبەرلىرى كەڭ دائىرىدە ئۇچراشتى ۋە ئۆزئارا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۈركىيە زۇڭتۇڭى دېمىرەل، كۇۋەيت ئەمىرى جابىر ئەھمەد ساباھ، سۈرىيە زۇڭتۇڭى ئەسەد ھافىز، پەلەستىن زۇڭتۇڭى ئەرەفات، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋەلى ئەھدىسى ئابدۇللا، ئىراقنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى رەمەزان ۋە مىسىرنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى مۇسا ئۇمرۇلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىراننىڭ داھىيسى خامىنايى ياكى زۇڭتۇڭى خاتەمى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

يىغىن كېيىنكى نۆۋەتلىك ئىسلام ئەللىرى باشلىقلىرى يىغىنىنى ئۈچ يىلدىن كېيىن قاتارنىڭ پايتەختى دوھادا ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

(ھاجى مەھمۇدى)

# «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپ روھىدىن دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم مەرىكىلىرىمىزگە نەزەر

ئىسمائىل ياقۇپ

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: "**يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ**" (7-سۈرە، 31-ئايەت). ئاللاتائالا مۇشۇ ئايەت ئارقىلىق ھەرقانداق سورۇنلاردا بىزگە رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نازۇنېمەتلەرنى يېيىشكە، ئىچىشكە تەرغىب قىلىدۇ، لېكىن ئىسراپخورلۇق قىلىشىمىزنى قاتتىق چەكلەيدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى كۆرۈنەرلىك قاندۇرۇلدى. بەزىلەر بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ھەرقايسى ساھەلەردە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشسا، بىر قىسىم كىشىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە ھەشەمەتچىلىك ئىللەتلىرىنى مەيدانغا چىقىرىپ، پۇل-مېلىنى بىر-بىردىن ئۈستۈنلۈك ۋە مەرتىۋە تالىشىشىنىڭ، ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىشىنىڭ قورالى قىلىۋالماقتا.

ھازىر ھەشەمەتچىلىك "مىللىي ئۆرپ - ئادەت" نىقابى ئاستىدا بەس-بەستە ئەۋج ئېلىپ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارنىڭ تۈرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ھەشەمەتلىرى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ، بېسىمى تېخىمۇ ئېغىرلاپ، كىشىلەرگە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەھدىت پەيدا قىلماقتا. بۇنداق سورۇنلارغا قاتنىشىشنى ئۆزىنىڭ "شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى" قىلىۋالغان بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش، خىزمەت قىلىش، كىتاب كۆرۈش، ئەڭ مۇھىمى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنى ياخشىراق تەربىيىلەشكە سەرپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، بىھۇدە ئىشلارغا، توغرىسى چوڭ يەپ-چوڭ ئىچىشكە، باشقىلارغا "مەرد" تونۇلۇپ ئىمتىياز تىكلەشكە سەرپ قىلماقتا.

بىز ئۆتكۈزۈۋاتقان توي-تۆكۈنگە نەزەر سېلىپ باقايلى! قارايدىغان بولساق، بەزى ئاتا-ئانىلار مال-دۇنيا يىغىش ياكى مال-دۇنياسىنى كۆز-كۆز قىلىش مەقسىتىدە پەرزەنتلىرىنىڭ توي دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىر-بىرىگە قىينىچىلىق كەلتۈرۈپ، ھەشەمەتچىلىك قىلىپ جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلماقتا. ئىقتىسادلىق كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





ئاجىز كىشىلەر
شەمەتچىلىك قىلسا، ئىقتىسادى تۇي-مەرىكە
اندا قىلىدۇ؟ ئاددىي-ساددا تۇي-مەرىكە
ۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالامدۇ؟ بۇنىڭغا پىكىر
يۈرگۈزۈپ باقساق بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم،
ئىقتىسادى ئاجىز كىشىلىرىمىز تويىنى ئاددىي
ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ
پەرزەنتلىرى كوچىلارغا چىقىپ كېتىپ، جەمئىيەتتە
يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، زىنا-پاھىشە بىلەن
شۇغۇللىنىپ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى بۇزۇپ،
مىللەتكە داغ كەلتۈرۈپ، ئاتا-ئانىلىرىغا نومۇس
ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ تەرەپنى كۆزدە تۇتۇپ،
پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق
دېگەن: "توينىڭ ئەڭ ياخشىسى چىقىمى ئاز
بولغان تويدۇر" («قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن
تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 279-بەت). مۇشۇ
ھەدىس شەرىپتىن ھەشەمەتچىلىك قىلماي،
چىقىمنى ئاز قىلىپ ئۆتكۈزگەن توي-مەرىكىسىنىڭ
ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.
بەزىلەر ھەشەمەتچىلىك، بەتخەجلىكنى
پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئابرۇيى دەپ قاراپ، بولمىغۇر
قائىدە-يوسۇنلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، نامرات
كىشىلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر تەھدىت
سالماقتا. پۇل-مالغا ھەم ھەشەمەتچىلىككە ھېرىس
تۇپەيلىدىن بەزى كىشىلەر بالاغەتكە يەتكەن
قىزلىرىنى تاللىق قىلىشنى مال-دۇنيا، ئابرۇي
تېپىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالماقتا. بۇنىڭدىن
قىز-يىگىتلىرىمىز تولىمۇ خورلۇق ھېس قىلىشماقتا.
مەسىلەن، بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار باركى قىزلىرىغا
... بۇ قىز توي قىلىشقا قېتىلسا، باھانە
... كىشىلەرگە

ھەشەمەتچىلىك ئادەتلەرنى
ئولتۇرۇۋاتىدۇ.
مۇشۇنداق ھەشەمەتچىلىك ئادەتلەرنى
كۆپچىلىك بىردەك تۇسۇپ ھەم ئۇزۇل-كېسىل
تۈگىتىپ، تويلارنى مال-دۇنياغىلا باغلىماي،
قىز-يىگىتلىرىمىزنىڭ بەختىگە باغلىشىمىز ۋە
تۆۋەندىكى ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك توي-مەرىكە
قىلىشىمىز كېرەك: "ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ
ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر قىز پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دادىسىنىڭ ئۇنى
ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي ئەرگە بەرمەكچى بولغانلىقىنى
ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قىزغا
(خالاش-خالىماسلىق) ئىختىيارىنى بەرگەن"
(«قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»،
ئۇيغۇرچە نەشرى، 280-بەت). مۇشۇ ھەدىس
شەرىپتىن بىر قىزنىڭ ئىختىيارىسىز مەجبۇرىي
قىلىنغان نىكاھىنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى
كۆرۈۋالالايمىز. ئىسلامىيەت كۆرسەتمىسى بويىچە
توي-تۆكۈننى مال-دۇنيا ئۈستىگە ئەمەس، بەخت
ئۈستىگە قۇرۇشىمىز كېرەك. "ئائىشە رەزىيەللاھ
ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەم
ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: راستىنى ئېيتسام
بولغان نىكاھ چوقۇم بەرىكەتلىك نىكاھتۇر
(«مىشكاتولماسابىھ»تىن ئېلىندى). يەنە پەي
ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئا
بەرىكەتلىك بولۇشى، ئۇنىڭ مەھرى (تويل
نىڭ يەڭگىل ئوڭاي بولۇشىدا. ئايالنىڭ
بولۇشى، مەھرى (تويلۇقى) نىڭ
بولۇشى، نىكاھ رەسمىيەتلىرىنىڭ قىيىن
ھەم ئەخلاقىنىڭ يامان بولۇشىدا"
شەرىپ توپلىمى»دىن ئېلىندى). يۇق
شەرىپتىن ئاددىي-ساددا ئ
... يىگىتلىرىمىز

## ...ۋە ئۇيغۇرلار

...ئاقىۋەتتە شۇملۇق، پىتنە-پاسات ...انلىقىنى ئېنىق بىلەلەيمىز. دېمەك، ...ەرىكىنى ھەشەمەتچىلىك بىلەن ... گۈللەندۈرەلمەي، يا ... يا جەمئىيەتنى كۆنسېرى ئارقىدا ...ىنى گۈللەندۈرەلمەي ... قارايدىغان بولساق، بىر قىسىم ئەقىلسىز ...لار نۇرغۇن كىشىلەرنى توي-مەرىكىگە ...دۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئادەمگەرچىلىك ...س، ئەكسىچە مال-دۇنيا توپلاش. ئۇلار ...ەرنىڭ تويغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى ...بىرلەپ سىنائالغۇغا ئالدۇرۇپ توي-مەرىكە ...رلىشىپ، بىر-ئىككى كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا ...شلەر ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى تېلېۋىزوردا ...ۇرۇش ئارقىلىق ”بۇ قېرىندىشىم ئاران ئانى، ئا...ېرىندىشىم ئاران مانى ئېلىپ كەپتۇ“ دەپ، ...تۇغقانلىق مۇناسىۋەتتىن نەپرەتلەنمەكتە. ھەتتا ...بۇلارنىڭ نادان-قالاقلىقى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، قۇدا-باجىلارنىڭ سوۋغاتلىرىنى باشقا قۇدىلارنىڭكىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆيدىكى كېلىن-بالىلىرىغا نومۇس قىلماستىن سۆزلەپ، توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ياش پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىناق تۇرمۇشىغا سوغۇق سۇ سەپمەكتە، كىچىككىنە مال-دۇنيانى دەپ، ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەبچى بولماقتا. يەنە بىر قىسىم ياش پەرزەنتلىرىمىز توي-مەرىكە قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادىنى ئۆز جايىدا خىراجەت قىلىشنىمۇ بىلمەي، قۇرۇق سۆلەتلىك قىلىپ 20—30 ماشىنىنى قاتار-قاتار ماڭدۇرۇپ، يول-كوچىلارنى قالايمىقان قىلىپ، ھەتتا شەھەر ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ، قاتناش تەرتىپىنى بۇزۇپ، ھەر تۈرلۈك ھادىسىلەرنى پەيدا قىلماقتا. مۇشۇنداق بولمىغۇر ھەشەمەتچىلىك مىكروبلىرى نۇرغۇن كىشىلەرگە يۇقۇپ، ئىقتىسادى ئاجىز كىشىلىرىمىزنىڭ ئاددىي-ساددا توي-مەرىكە ئۆتكۈزۈشكە قاتتىق تۇسالغۇ بولماقتا. بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئاددىي-ساددا توي-مەرىكە ئۆتكۈزسە، بەزى ھەشەمەتخور كىشىلەر توي يۆتكەش قورالىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك بولۇشىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ دېگىنىچە بولمىسا ئابرۇيى چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، باشقىلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلار بىلەن توي ئۆتكۈزگەنلىكىنى سېلىشتۇرۇپ تويىنى بۇزۇشقا رازىكى، يۆتكىتىشكە رازى ئەمەس. يۇقىرىقىدەك شۆھرەتپەرەس كىشىلەر بۇزۇپ-چاچقان ئىقتىسادىنى ۋەتەن، مىللەتكە پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلەتسە بۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولماسمىدى؟ بۇ ئىشلارغا ئىشلىتىشكە ئىشىنالمىسا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى بولسىمۇ ياخشىراق ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنى ئوبدانراق تەربىيىلەپ چىقسا بولماسمىدى؟ ئەمما ئۇلارنىڭ ئىلىم-مەرىپەت سەۋىيىسى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئىسراپخورلۇق قىلىشماقتا. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **”تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن، ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغۇچىدۇر“** (17-سۈرە، 26—27-ئايەتلەر).

يۇقىرىقى ئايەتكە ئاساسلانغاندا، ۋەتەنگە، مىللەتكە، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلماي ئىسراپخورلۇق، ھەشەمەتچىلىك بىلە... شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ شەيتانن... قېرىنداشلىرىغا ئوخشىتىلىشى بۇ كىشىلەرن... خاراكتېرىنى بىتەرلىك يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. چۈ... شەيتان ئىنسانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، ئ...

يوللارغا باشلىغىنىدەك، ھەشەمەتخور، ئىسراپخور كىشلەرمۇ باشقىلارنى قىيىنچىلىق ئىچىگە باشلاپ قويىدۇ. بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى مىسالنى كەلتۈرىمىز.

"تارىخىمىزدا بۇندىن 316 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر شۆھرەتپەرەس ئاپپاق خوجا ئۆز دەۋرىدە غۇرۇرى ھەشەمەتكارلىقى تۇتۇپ 'بۇ ئالەمدە بۇنىڭدىنمۇ چوڭ توي سورۇنى تۈزۈلمىگەي' دەپ شەرت قىلىپ، 30 مىڭ قوي، 30 مىڭ كالا سويۇپ، 30 مىڭ ئات سوۋغات قىلىپ، دۇنيانىڭ خوۋلۇقى كىيىش، يېيىش، ئىچىش، چېچىش دەپ لەۋزە قىلىپ، 40 يەردە 100 كۈن توي قىلىپ، مېھمان ئۈزىتىپ، ئۆزىنىڭ نام-شۆھرىتىنى خەلق-ئالەمگە نامايان قىلغان" («شىنجاڭ ياشلىرى»، 1997-يىل 3-سان).

دېمەك، مانا مۇشۇنداق شەيتاننىڭ قېرىنداشلىرى بولغان شۆھرەتپەرەس كىشلەر مىللەتنىڭ ساپاسىنى بۇزۇپ، كىشلەرنى قىيىنچىلىققا سالماقتا. بۇنداق ھەشەمەتچىلىك توي-مەرىكىلەرنىڭ قىز-ئوغۇللىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا بەختسائادەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. پۇل، مال-دۇنياغىلا بەخشەندە بولغان ھاياتنىڭ بۇزۇلمايدىغىنى، ۋەيران بولمايدىغىنى يوق، ھەشەمەتچىلىككە ماغدۇرى يەتكەن پۇلنىڭ چىرىتىشكىمۇ ماغدۇرى يېتىدۇ. ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈلگەن توي-مەرىكە ئىنسانلارغا گۈزەللىك بېغىشلايدۇ، ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ باياشات تۇرمۇشقا ئېلىپ چىقىدۇ، دوستلار ئارىسىدا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدۇ. قىز-يىگىتلىرىمىزگە ئۆمۈرلۈك بەختىيار تۇرمۇش ئاتا قىلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكۈچى ئىككى كىشىنىڭ مېھمانغا چاقىرىشى قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە تامىقى يېيىلمەيدۇ." (ئىمام ئەھمەد بۇ ھەدىسنى چۈشەندۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماختانچاقلىق قىلىپ، ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن زىياپەت بەرگۈچى ئىككى كىشىنى بەسلەشكۈچى دەپ شەرھلىگەن دەيدۇ).

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى كىشىلەرگە رەھىم قىلمىسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلمايدۇ" يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ مەنىسى بويىچە ھازىر جەمئىيەتتە ئۇتتۇرىغا چىققان ھەم چىقىۋاتقان توي-تۆكۈن ئىشلىرىدىكى بىر قىسىم ناچار ئەھۋاللارنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. توي-تۆكۈن ئىشلىرىدا قىزلارنىڭ تويلۇق ھەققىنىڭ بەك ئۈستۈن بولۇشى، ئوغۇل تەرەپنىڭمۇ "مەسلىھەت چېيى" چىقىمىنىڭ قىز تەرەپكە ئېغىر قويۇلۇشى ھەر ئىككى تەرەپنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. بۇنداق ناتوغرا قائىدە-يوسۇنلار بىز ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئادەت ئەمەس. شۇڭا مۇنداق ناتوغرا ئەھۋاللارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى بىز ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمىز. بىز مۇسۇلمانلار نامۇۋاپىق قائىدە-يوسۇن ۋە ناچار رەسمىيەتلەر ئارقىلىق بىر-بىرىمىزگە ئېغىرچىلىق ۋە زۇلۇم سالماسلىقىمىز، قىزلارنىڭ تويلۇقىنى ئۈستۈن قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر بۇنداق قىلىنسا، ئىشلەتكەن ئىقتىسادىمىز، بېرىلگەن يېمەكلىرىمىز ۋە نىكاھ ئىشلىرىمىز دىنىمىزدا ۋە قانۇنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

# قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ 1997-يىل 10-ئاينىڭ 19-كۈنى قەدىمىي بىلىم يۇرتى — قەشقەر ساقى مەدرىسىدە 6-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سادىق قارىي ھاجىم ۋە مەكتەپتىكى بارلىق مۇدەررىس، تالىپلار بولۇپ جەمئىي 130 نەپەر كىشى قاتناشتى.

مۇراسىم دىنىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى مۇھەممەت ئىمىن قارىينىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى، ئاندىن مەكتەپنىڭ باش مۇدىرى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم مەكتەپنىڭ يىللىق خىزمەتلىرىنى خۇلاسە قىلدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇش-ئوقۇتۇش خىزمىتى ئۈستىدە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ 1991-يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي ئالتە قارار تالىپ قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى ئۈچ قاراردا جەمئىي 126 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەپ كەلمەكتە. ھازىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تالىپ 80 نەپەر، بۇ قېتىم قوبۇل قىلىنغان تالىپ 40 نەپەر بولۇ،، ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر) لىرد نكى ئىمامى كەمچىل مەسچىتلەردىن نۇقتىلىق قوب ل قىلىنغان، تالىپ قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ لايەت بىرگە ئۈچ نىسبەت بويىچە 120 نەپەر يا نى تاللاش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇردى ۋە مەخسۇس پە لەر بويىچە سىياسەت، تىل-ئەدەبىيات، تارىخ، غراپىيە، دىنىي مەلۇمات، ئەرەب تىلى قاتارلىق ئالتە خىل دەرستىن ئىمتىھان ئېلىپ، ياخشىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىل اش، قەيەردىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە تەقسىم قىلىش پر ىنسىپى بويىچە قوبۇل قىلدى.

تالىپلار مىللەت تەركىبى جەھەتتىن ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق ئۈچ مىللەتتىن تەركىب تاپقان، ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، بۇ جەرياندا قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپ، ئىلمى تەجۋىد، فىقھە، تەپسىر، ئىسلام دىنى ئاساسىي بىلىملىرى، ئەرەب تىلى ۋە مەلۇم مىقداردا سىياسەت، قانۇن دەرسلىرى ئۆتۈلىدۇ.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا يەنە ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

(ياقۇپ ھاجىم مۇھەممەد)

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ 1997-يىل 10-ئاينىڭ 17-كۈنى 3-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى.

ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن بۇ قېتىمقى قارارلىق دىنىي مەكتەپنىڭ ياش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان يىللىق سىنىپىغا ۋە ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ياش ئىمام، خاتىپلارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان يىللىق سىنىپىغا جەمئىي 80 تالىپ قوبۇل قىلىندى. مۇراسىمغا ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ھەسەن، ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر دىنىي ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇستاز-تالىپلار ۋەكىللىرىمۇ سۆزگە چىقتى.

مۇراسىمغا ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، ئاتاقلىق دىنىي زاتلار، يېقىن ئەتراپتىكى ئىمام-خاتىپلار، دىنىي مەكتەپنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى بولۇپ جەمئىي 130 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. مۇراسىم ئاخىرىدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ئۆلىمالار، ئۇستاز-تالىپلار بىرگە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. (رازىق ھاجىم)

(بېشى 30-بەتتە)

ئۇزارتىش، ھاياتنى كامالەتكە يەتكۈزۈش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

ئېھتىمال، بەزى كىشىلەر بىر كۈندىكى بەش ۋاق ناماز يەنىلا تاھارەت ئېلىش، ناماز ئۆتەش، قىيامدا تۇرۇش، ئولتۇرۇش، سەجدە قىلىش، ئايەت ئوقۇش قاتارلىقلارنىڭ تولىمۇ قايتىلا-قايتىلاپ تەكرارلىنىشى ئەمەسمۇ؟ دەپ ھېس قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق كىشىلەر يەر شارىنىڭ شەرققە قاراپ ئايلىنىدىغانلىقىنى، "قۇياشنىڭ غەربكە يۈرۈشىدىغانلىقى"نى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ، باھار، ياز، كۈز ۋە قىشنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىنىڭ قانچىلىغان ئون مىڭ يىللار تەكرارلىنىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە يەنە بۇنداق تەكرارلىنىشنى بېسىپ چۈشكۈدەك ھەقىقەت بارمۇ؟ دۆلىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردىن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن بوۋاي-مومايلار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن، خويزۇلارمۇ قىلىشمايدىكەن، مېنىڭ ئەتراپىمدىمۇ تازا قېرىپ كەتكەن كىشىلەر ماگدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ بۇ كىشىلەر ئىچىدىكى ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ھاياتلىقىنىڭ ئۈچ چوڭ قائىدىسى (مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەك، ناماز ئۆتەش، روزا تۇتۇش)نى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا مەگزى قېپقىزىل، قەددىمى ئېگىلىشلىرى يەڭگىل بولۇپ، بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، يەنىلا ئۇزاق يىللار ناماز ئۆتىگەنلىكتىن ئىبارەت.

(تەرجىمە قىلغۇچى: **قەيسەر قۇربان**، تەرجىمە تەھرىرى: **شەمشىدىن ھاجى**)

# ئونيار يۈزى يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلدى

شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئونيار يۈزى يېزىسىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، قازاق قاتارلىق ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرى ئىتتىپاقلىشىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش بىلەن بىرگە جەمئىيەتكە كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. دىنىي زاتلارنىڭ يېقىنقى يىللار ئىچىدە مائارىپقا ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئورۇنلاردىكى خەلقلەرگە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە، يېتىم-يېسىر، مېيىپلارغا ۋە "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە"لەرگە ياردەم قىلغان نەق پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 166 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، جەمئىيەتتە يۇقىرى ئىناۋەت ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

ئۇلار پارتىيىنىڭ ئەۋزەل سىياسەتلىرىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ئائىلە ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈردى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە باشلامچىلىق رولىنى ئوينىدى، شۇنداقلا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ چارۋامال بورداش، سودا-سېتىق، سۈپۈرگە ياساش، باققالچىلىق قاتارلىق تىجارەت كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغاندىن كېيىن، مائارىپنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئورۇنلاردىكى ئاممىنى، يېتىم-يېسىر، مېيىپلارنى ۋە "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە"لەرنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

مۇساجان ھاجى، ئوسمان ھاجى، ياقۇپ ھاجى، ئىسمائىل ھاجى، داۋۇت قارىي، ئابلىھېكىم ئىمام قاتارلىق دىنىي زاتلارنىڭ خالىس باشلامچىلىقى ئارقىلىق ئاجىزلارغا مېھىر-شەپقەت قولىنى سۇنىدىغان، جەمئىيەت ئۈچۈن ئەمەلىي ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىدىغانلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1991-يىلدىن 1997-يىلغا قەدەر يېزا تەۋەسىدىكى 180دىن ئارتۇق خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە 35 مەسچىت جامائىتى مائارىپقا، نامراتلارغا، يېتىم-يېسىر، مېيىپلارغا ۋە "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە"لەرگە 102 مىڭ 200 يۈەن نەق پۇل، 1752 قۇر كىيىم-كېچەك، 245 توننا كۆمۈر، 4800 كىلوگرام ئاق ئۇن، 185 كىلوگرام سۇ يېغى، 27 پارچە كىگىز، 78 دانە مەش-كاناي ياردەم قىلدى.

ھىدىلىيۈزى، غوجاشيۈزى كەنتلىرىدىكى ئوسمان ھاجى، ما چىڭباۋ، نىزامىدىن ئىمام قاتارلىق دىنىي زاتلار مەكتەپ قۇرۇلۇشى، قېرىلار ساناتورىيىسى ۋە مېيىپلارغا 15 مىڭ 450 يۈەن ئىئانە قىلدى.

دىنىي زاتلار يەنە يول، ئېرىق-ئۆستەڭ، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، قىر-توغان ياساش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتى ۋە مەسچىت ئەتراپىدىكى بوش يەرلەرگە 38 مىڭ 400 تۈپ كۆچەت تىكتى.

دىنىي زاتلارنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى ۋە تەشۋىقات قىلىشى بىلەن 52 قېتىملىق توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئارقىلىق توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدىكى ھەشەمەتچىلىك، سۆلەتۋازلىق، ئىسراپچىلىق قىلمىشلىرىنى توسۇش ۋە ئۇنى تۈگىتىش جەھەتتە ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلدى.

ئونيار يېزىسى يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى ئارقىلىق 1991-يىلدىن 1997-يىلغىچە ناھىيە تەرىپىدىن ئۇدا "مىللەتلەر دىن ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن" بولۇپ باھالىنىپ، تەقدىرلىنىپ كەلدى.

(ئابدۇۋەلى ئەخمەت)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# پەيغاندا دۆلەتنى ۋە ئامراتلارنى ئۇنتۇمىغان دىنىي زات

قاغىلىق بازارلىق ھۆكۈمەت 7-ئاھالە كومىتېتىدا ئولتۇراقلاشقان دىنىي زات، يېڭى بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قاغىلىق بازىرىنىڭ 8-، 9-، 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى **ئابدۇقەييۇم ھاجى** بازار ئىگىلىكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتنىڭ ئىلھامى بىلەن 1980-يىلى 1900 يۈەن سەرمايە توپلاپ، تۈرلۈك ماللار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇ پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتىگە قەتئىي ئىشىنىپ، بازار ئۇچۇرىغا دىققەت قىلىپ، كىشىلەرنى ئېھتىياجلىق ماللار بىلەن تەمىنلەشكە، سودىدا ئادىل، قىزغىن بولۇشقا ئەھمىيەت بەرگەچكە، ناھىيە بويىچە ئالدى بىلەن داڭلىق تىجارەتچىگە ئايلاندى، تىجارەت باشلىغان 17 يىلدىن بۇيان دۆلەتكە 64 مىڭ يۈەن باج، 20 مىڭ يۈەن بازار باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن 4500 يۈەن، جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن 2000 يۈەن، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا 2000 يۈەن، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ھاجەتخانىسى ۋە توك، سۇ ئىشلىرى ئۈچۈن 8000 يۈەن ئىئانە قىلدى. ئۇ يەنە يېتىم-يېسىرلار ۋە نامرات ئائىلىلەرگە 25 مىڭ يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل، كىيىم-كېچەك، ئۇن، ياغ، يېقىلغۇ، رەخت قاتارلىقلارنى ياردەم قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا ئۆز مەھەللىسىدىكى نامرات تۆت ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى 94-يىلدىن بۇيان كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى ھەر يىللىق قىشتىن ئامان ئۆتكۈزدى. يەنە شۇ مەھەللىدىكى ھېبىبۇللا مۇھەممەد 95-يىلى بازاردىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن باشقىلاردىن 8000 يۈەن قەرز ئېلىپ، قەرزنى تۆلەپ بولغۇچە 96-يىلى 9-ئايدا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدىغان چاغدا قەرز ئىگىلىرى قەرزىمىزنى قايتۇرمىسا بۇ نامازنى ئوقۇغىلى، جەسەتنى دەپنە قىلغىلى قويمايمىز دەپ مەرھۇم قەرزدارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى قەرزنى تۆلەشكە قىستايدۇ. مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ ئۇ قەرزنى تۆلەيدىغانغا پۇلى يوق، بېشى قېتىپ تۇرغاندا ئابدۇقەييۇم ھاجى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، قەرز ئىگىلىرىگە 8000 يۈەننى تۆلەپ جەسەتنى دەپنە قىلدۇرىدۇ.

ئابدۇقەييۇم ھاجى پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسىتىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئاممىغا ياخشى تەشۋىق قىلىشتا باشلامچى بولدى. ھەر مىللەت ئارىسىدىكى 300 قېتىمدىن ئارتۇق ھەر خىل جېدەل-ماجىرالارنى كېلىشتۈرۈپ، توغرا ھەل قىلدى. يولدىن ئازغان سەككىز نەپەر ياشنى نۇقتىلىق تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى. مەسچىت ۋە باشقا ھەر خىل سورۇنلاردا پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسىتى، شۇنداقلا مۇقىملىق، ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا 22 مىڭ ئادەم-قېتىمدىن ئارتۇق تەشۋىق قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەل-جامائەت ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ئۆسۈپ، ناھايىتى ياخشى

باھالارغا ئېرىشتى؛ ناھىيە بويىچە "ئالتىدە ياخشى سودا-سانائەتچى"، "ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىغان دىنىي زات"، "مائارىپنى قوللاشتىكى ئۈلگار شەخس"، "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى"، "نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئۈلگارى"، "مۇنەۋۋەر خەلق ۋەكىلى" بولۇپ 16 قېتىم، يېڭى بازار ئاھالە كومىتېتى تەرىپىدىن توققۇز قېتىم، قەشقەر ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئىككى قېتىم، جەمئىي 29 قېتىم ماددىي ۋە مەنىۋى مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

(بارات ئەمەت)

# باي ناھىيىسىدىكى ئۈلگىلىك دىنىي زاتلار

ئاپتونوم رايونلۇق ۋە باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ياتۇر يېزا 4-كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ياسىن قارىي ھاجى** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسەت-يولىيورۇقلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تەشكىلنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پەن-تېخنىكا ۋە ئازغىنا مەبلەغكە تايىنىپ، ئائىلە ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى.

ياسىن قارىي ھاجى ئولتۇرۇشلۇق كەنت بىرقەدەر نامرات كەنت بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقانىدى. ئۇ يۇقىرىنىڭ "پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىش" دېگەن چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، پەن-تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئاكتىپلىق بىلەن ئاتلاندى، ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىغا بېرىپ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باقمىچىلىققا دائىر كىتاب-ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئەستايىدىل ئۆگەندى. تېرىلغۇ يەرلەرنى تېخنىكا تەلىپى بويىچە تۈزلەش، ھەيدەش، ئوغۇتلاش، تېرىش، سۇغىرىش، پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىنى تۈجۈپلەپ ئىشلىدى، يېزا پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى ئۇستاز تۇتتى. 20 مودىن ئارتۇق يېرىنى ئوبدان پىلانلاپ، ئاشلىق ۋە كېۋەز قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىپ ياخشى نەپ ئالدى؛ ئاشلىقتىن ھەر يىلى 10 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ھوسۇل ئېلىپ دۆلەتكە سۈپەتلىك تاۋار ئاشلىق سېتىپ بېرىشنىڭ سىرتىدا قالغانلىرىنى ئەركىن بازاردا سېتىپ كىرىمنى ئاشۇردى؛ پاختىچىلىقنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر يىلى مۇۋاپىق كېۋەز تېرىپ، كېۋەزنى تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە پەرۋىش قىلىپ باشقىلارغا ئۈلگە بولدى. ئۇ يەنە ئورمانچىلىق، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. نەتىجىدە دېھقانچىلىق ۋە باشقا كۆپ خىل ئىگىلىكتىن كەلگەن كىرىمى ھەر يىلى 20 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 2500 يۈەنگە يەتتى، باشقىلارغىمۇ تېخنىكا جەھەتتىن 350 ئادەم قېتىم مەسلىھەت بەردى ۋە ياردەم قىلدى، نامرات، ئاجىزلارغا 6000 يۈەن قىممىتىدە تۈرلۈك يادەملەرنى قىلدى. ياسىن قارىي ھاجى يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن "پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئۈلگار شەخس" ۋە "ئۈلگىلىك دىنىي زات" بولۇپ كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى.

باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئىتى، بولۇڭ يېزا بەش كۆزنەك مەسچىتىنىڭ

uyghurkitap.com

ئىمامى ھامدۇن ھاجى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەجبۇرىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھەم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن جاپالىق ئەمما شەرەپلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتتى، يېزا بويىچە 19 مەسچىت، 42 دىنىي زات بولۇپ، ئۇ بۇلار ئارىسىدا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش، دىنىي زاتلارنى ۋە مۇسۇلمان ئاممىنى تەربىيىلەشتە نەمۇنە بولدى، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئاممىسى ئىچىدىكى ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدىكى ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىقنى تۈگىتىش ھەققىدە تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ باردى؛ ياش-ئۆسمۈرلەرنى قانۇن-تۈزۈم بويىچە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەردى؛ "بەشتە ياخشى مەسچىت"، "بەشتە ياخشى دىنىي زات"لارنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى؛ مەسچىتلەرنى ئۆز-ئۆزىنى بېقىشقا، مۇسۇلمان ئاممىسىغا سېلىق سالماسلىققا يېتەكلەپ، مەسچىتلەرنىڭ باغ يېرى، ئورمان يېرى، تال ئۈزۈمى بولۇش ۋە مەلۇم مىقداردا نەق پۇلى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ دىنىي زاتلارنى قەرەللىك تۈردە يىغىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتتى. ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن پەن-تېخنىكا ئۆگىنىپ، پەن-تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، باشقا دىنىي زاتلارنىمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلىدى. ئۇنىڭ 20 نەچچە مو ھۆددىگەرلىك يېرىدىن باشقا، سېتىۋېلىپ تېرىغان يېرى 30 نەچچە موغا يەتتى، بۇ يېرىدىن كەلگەن ئومۇمىي كىرىمنى 25 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمنى 18 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، نوپۇس بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمنى 2000 يۈەندىن ئاشۇردى. ئۇ يەنە ئورمانچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ مۇقىم مۈلكى 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇ بېيىغاندا دۆلەتنى ۋە باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ھەر يىلى دۆلەتكە 5000—7000 كىلوگرام ئەتراپىدا تاۋار ئاشلىق، مايلىق دان سېتىپ بەردى. نامرات ئائىلە، مېيىپلار، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ھازىرغاقەدەر 17 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا نەق پۇل، ئاشلىق، ئوتۇن-كۆمۈر ياردەم قىلدى. ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، سىياسىي كېڭەش، ئىسلام جەمئىيىتى ۋە يېزا تەرىپىدىن "ئۈلگىلىك دىنىي زات"، "بېيىش باشلامچىسى" دېگەن شەرەپلىك ناملار بىلەن 15 قېتىم تەقدىرلىنىشى ئۇنىڭ شۇ تۆھپە ۋە نەتىجىلىرىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ۋە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى، بازارلىق ھۆكۈمەت 2-ئاھالىلەر كومىتېتى مەسچىتىنىڭ ئىمامى، 34 ياشلىق ئەبەيدۇللا قارىي پارتىيىنىڭ بېيىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى، قانۇنلۇق تىجارىتىگە تايىنىپ بېيىش يولىغا ماڭغاندا دۆلەتنى ۋە باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالماي، تۈرلۈك باج ۋە بازار باشقۇرۇش ھەققىنى تولۇق تاپشۇرۇش بىلەن بىرگە نامرات، مېيىپلار ھەممىدە مائارىپ ئىشلىرىغا كۆپلەپ ياردەم بېرىپ ياش چېغىدىن باشلاپلا ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى.

ئەبەيدۇللا قارىي 1979-يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە ئاۋات ناھىيىسىدە دىنىي تەلىم-تەربىيە ئالغان، 1987-يىلدىن 1992-يىلغىچە شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىدا بەش يىل ئوقۇپ ئەلا دەرىجىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئەبەيدۇللا قارىي قايتىپ كەلگەندىن بۇيان ھازىرغىچە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلىپ، باي بازىرى ۋە پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن

كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى، يولدىن ئازغان ياش-ئۆسمۈرلەرگە 20 نەچچە ئادەم-قېتىم تەربىيە بەردى. ئەبەيدۇللا قارىي 1993-يىلدىن 1995-يىلغىچە ئالتۇن-كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش ھۈنىرىنى ئۆگەنگەندى، 1995-يىلى دۇكان ئايرىپ، ئىككى مىڭ يۈەن قەرز ئېلىش ئارقىلىق تىجارىتىنى باشلىدى، بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتى ئەلا، باھاسى مۇۋاپىق بولغانلىقتىن ھەم مۇلازىمەتتە قىلچە ساختىپەزلىك قىلمىغانلىقتىن تىجارىتى بارغانسېرى روناق تاپتى، ھازىرغىچە ئومۇمىي مەبلىغىنى 40 مىڭ يۈەندىن ئاشۇردى، دۆلەتكە 4000 يۈەندىن ئارتۇق باج تاپشۇردى، نامرات، مېيىپ كىشىلەرگە ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا 1800 يۈەندىن ئارتۇق ياردەم قىلدى. يېقىندا ئۇ يەنە ئۆز يېنىدىن 2000 يۈەن تەييارلاپ، مەكتەپلەرگە كۆمۈر ئېلىپ بېرىشنى پىلانلاپ، ساخاۋەتلىك ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى.

باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ياقائېرىق دېھقانچىلىق مەيدانى بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئەمەت ھاجى** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەڭ دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمان ئاممىسىغا توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدا ئاددىي-ساددا بولۇش ھەققىدە كۆپ قېتىم تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى بۇ جەھەتتە ھەر ۋاقىت يېتەكچى بولۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئۇ يەنە دىنىي زات ۋە مۇسۇلمان ئاممىنى نامراتلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىگە 4800 ئادەم-قېتىم تەشكىللەپ، تۈرلۈك ياردەملەرنى 30 مىڭ يۈەندىن ئاشۇردى، ئۆزى ئىككى-ئۈچ يىلدىن بۇيان نامراتلارغا 13 مىڭ يۈەن قىممىتىدە تۈرلۈك ياردەملەرنى بەردى.

(ھەسەن ئابدۇۋەلى)

## ئۈزۈمچىلىك يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشتە باشلامچىلىق رول ئوينىماقتا

تۇرپان شەھىرىگە قاراشلىق ئۈزۈمچىلىك يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار ھۆكۈمەتنىڭ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا يېقىندىن ئاۋاز قوشۇپ، يېزىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە باشلامچىلىق رول ئوينىماقتا.

بۇ يېزىدىكى دىنىي زاتلار بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئاممىنىڭ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشكە باشلامچىلىق قىلىپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ روھى بويىچە ئۇلارغا توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ مۇراسىملىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ھەم ئاز پۇل خەجلەش، شۇنىڭدەك بۆشۈك توي، سۈننەت تويلارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتمەسلىك، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق، نەزىر-چىراغنى كىچىك دائىرىدىلا ئۆتكۈزۈش ھەققىدە كەڭ دائىرىدە تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ باردى ھەمدە بۇ جەھەتتە ئۆزلىرى ئۈلگە بولدى. بۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ يېزىغا قاراشلىق بەزى يىگىت-قىزلارنىڭ تويى 2000 يۈەن بىلەنلا ئاددىي ئۆتكۈزۈلدى.

پېشقەدەم دىنىي زات نۇردىن داموللا ھاجىم نەزىرلەردە ھېچقانداق نەزىر ھەققى ئالماي بەلكى مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە نەزىرنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەلدى.

بۇ يىل 6-ئايدا دېھسەنگە كەنتىدىكى بىر كەنت كادىرى ئالەمدىن ئۆتكەندە مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سەككىز ئۆيدە نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغان. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان شۇ كەنتتىكى دىنىي زاتلار بۇ ئائىلىگە خىزمەت ئىشلىدى، نەتىجىدە مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىككى ئائىلىدىلا نەزىر قىلدى. دىنىي زاتلارنىڭ تەشۋىق-تەرغىباتى ئارقىلىق ئاممىنىڭ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ سېلىقى زور دەرىجىدە يەڭگىللىدى. بىر قىسىم دېھقان ياشلىرىنىڭ توي چىقىمى ئۆلچەمدىكى 10—30 مىڭ يۈەندىن 3000 يۈەنگە چۈشتى، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىمۇ ئاددىيلىششقا باشلىدى. دىنىي زاتلارنىڭ ئۈلگىلىك رولى ئارقىلىق ئۈزۈمچىلىك يېزىسىدىكىلەرنىڭ توي-تۆكۈنى ھەشەمەتسىزلىككە، نەزىر-چىراغ ئىشلىرى ئەسلىدىكى ئاددىيلىققا، توغرىلىققا يۈزلىنىپ، ئاممىا ئارزۇ قىلغان بىر ياخشى ئىجتىمائىي ھالەت شەكىللەندى.

(شاھمەردان ئىمىننىياز)

# پەم-پاراستىگە تايىنىپ بېيىۋاتقان دىنىي زات

بوگۇر ناھىيە دادولان يېزا يىغىنباغ كەنت چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى، يېزىلىق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى **مامۇت قارى** ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، پەن-تېخنىكىلىق تېرىقچىلىق قىلىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇپ، قوي-كالا بورداش، باغ كۆتۈرە ئېلىش، قوشۇمچە تىجارەت قىلىش قاتارلىق ئىقتىسادىي كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەقىل-پەمى ۋە ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىش يولىغا ماڭماقتا.

مامۇت قارى 60 تىن ھالقىغان بولسىمۇ ناھايىتى تېتىك، ئالغا ئىنتىلىشچانلىقى كۈچلۈك دىنىي زات بولۇپ، ئۇ پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىي قوللانغان؛ ئورگانىك ئوغۇتنى ۋە خىمىيىلىك ئوغۇتنى نىسبەت بويىچە ئىشلەتكەن، ئۇرۇقنىڭ سورتىنى ياخشى تاللىغان، پەرۋىشنى تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە قىلغان. نەتىجىدە بۇغدايىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 540 كىلوگرامدىن، بۇغداي ئېڭىزىغا تەكرار تېرىغان قوناقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 425 كىلوگرامدىن ئاشۇرغان. ئۇ يەنە ھەر يىلى 40 تىن 50 كىچە چوڭ-كىچىك چارۋا بورداپ 10 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇپ كىرىم قىلغان، ھەر يىلى 25 مو باغنى كۆتۈرە ئېلىپ 8000 يۈەندىن، قوشۇمچە تىجارەتتىن ھەر يىلى 3000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلغان. مامۇت قارى ھازىر ناھىيە بويىچە دىنىي زاتلارنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىشىدىكى باشلامچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈلگىلىك رولىنى كەڭ ئاممىغا ئۆز سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق تەشۋىق قىلماقتا.

(تۇيغۇن ئابدۇرەھىم)

# ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىغان ئۆلگىلىك تىجارەتچى

باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئىتى، يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، باي بازىرى 4-ئاھالىلەر كومىتېتى دىنىي سورۇنلارنى باشقۇرۇش ھەيئىتى **ئابلىمىت ھاجى** تىلغا ئېلىنسىلا ئۇنى تونۇيدىغان ۋە نامىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ھەممە ئۇنى "ھالال ئەمگىكى، قانۇنلۇق تىجارىتى بىلەن بېيىغان ئۆلگىلىك تىجارەتچى" دەپ بىردەك تەرىپلەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئابلىمىت ھاجى ئۆلگىلىك يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ بىرى.

1978-يىلى بىر ئائىلىق نورما ۋە بىر قوي بىلەن ئاشخانا ئېچىپ تىجارەت باشلىغان ئابلىمىت ھاجى 19 يىلدىن بۇيان ئۆزى باشلامچىلىق قىلىش، ئائىلىسىدىكىلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە سىرتتىن تېخنىك ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئاشخانا تىجارىتىنى جانلاندۇردى، ئاشخانا مۇلازىمىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، يېڭى گۆش، يېڭى كۆكتاتلارنى ئىشلىتىپ، باھادا مۇۋاپىق، سۈپەتتە يۇقىرى بولۇشنى قولغا كەلتۈردى؛ يېمەك-ئىچمەك تازىلىقى قانۇنى ۋە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى ئىلغارلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇردى؛ ئۇستا، شاگىرتلارنى تەربىيىلەش، پاكىز ئاشخانا مۇھىتى يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەملىك ۋە سۈپەتلىك تائاملارنى تەييارلاپ مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، مۇلازىمەتنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلىدى؛ باجنى ۋاقتىدا تاپشۇردى. نەتىجىدە ئابلىمىت ھاجىنىڭ تىجارىتى جانلىنىپ، ئىقتىسادىي كۈچى يىلدىن يىلغا ئاشتى، ھازىرغىچە 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. دۆلەتكە 60 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج ۋە باشقا رەسمىيەت ھەققى تاپشۇردى، 100دىن ئارتۇق شاگىرت يېتىشتۈردى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بېيجىڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە، بەزىلىرى ناھىيە ۋە يېزا بازارلىرىدا ئاشخانا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى؛ كۆپلىرى ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىدى. ئابلىمىت ھاجى بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ھەر يىلى باھار بايرىمى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كەلسە ياكى قىش پەسلى يېتىپ كەلسە، قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلە ۋە مېيىپلارغا ۋاقتىدا ياردەم قىلىپ تۇردى، ھازىرغاقەدەر ئۇ ياردەم قىلغان نەق پۇل ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنىڭ قىممىتى 58 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى؛ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى، 1-ئىيۇن ئۆسمۈرلەر بايرىمى بولغاندا ۋە مائارىپنى قوللاش جەھەتتە ئۇ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 5000 يۈەندىن ئارتۇق ياردەم قىلدى. نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان خۇدا بەردى ئىسىملىك ھېچنېمىسى يوق كەمبەغەل بالىنى ئۆيلەپ قويىدى ۋە دۇكان ئايرىپ بەردى.

68 ياشقا كىرگەن ئابلىمىت ھاجى 1985-يىلدىن بۇيان نەچچە قېتىم ھەج قىلىپ كەلدى، ئۆز ئىقتىسادى بىلەن ئىككى قەۋەتلىك ئون نەچچە ئېغىز ئۆي سېلىپ ئولتۇردى، دېمەك ھالال ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق نەمۇنىلىك ئىشلىرى بىلەن ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن ھازىرغىچە 25 قېتىم تەقدىرلەندى.

(ھەسەن ئابدۇۋەلى)

# ♥ مەرىپەتكە ♥ ساخاۋەت ♥

ئىسلامىيەت روھىدا تۇرۇپ زامانىۋى ئاڭغا يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئەسىر ھالقىيدىغان بۇ بۈيۈك تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىدە زامانغا لايىق، ئىختىساسلىق، ئىلغار مىللەتلەردىن بولۇشقا ئاتلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، بۇ جەھەتتە يەن-مائارىپنىڭ ھەقىقەتەن مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتمەكتە. ئىلىم-پەن ئىنسانىيەتكە بەخش ئېتىلگەن ئاڭ، تەپەككۇر، ئەقىل-پاراسەتنىڭ يىغىندىسى ھەم ۋاقىتنىڭ تاۋلىشىدىن ئۆتكەن قىممەتلىك جەۋھىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈلۈشى، قەدىرلىنىشى، بېيىتىلىشى، تەرەققىياتقا تەتبىقلىنىشى ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانىيەتنى كامالەتكە يېتەكلەيدۇ. ئىزگۈ ئېتىقاد بىلەن ئىلىم-مەرىپەتنى ئۆزگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ قىلىشىنىڭ نەقەدەر خاسىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن فارابى، ئىبنى سىنا، ئىبنى رۇشد، ئىبنى باجە قاتارلىق ئىسلام ئالىملىرىنىڭ روھىغا ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ھازىرقى ئەھمىيىتىنى، ئىسلام ئېتىقادى بىلەن ئىلىم-پەنگە بېرىلىشنىڭ ھەرگىز توقۇنۇشمايدىغانلىقىنى، ئىلىم-مەرىپەت بىلەن تەربىيىلىنىشنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشنىڭ بۇ دۇنيادا ئىمان ئەمەللىرىنى بېجىرىشكە ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. ھازىرقى دەۋردە ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم-پەن ۋە مەرىپەت بىلەن زىت كەلمەيدىغان ئىلغار، ئىلمىي تەشەببۇسلىرىنى جارى قىلدۇرۇش ھەمدە ئۇنىڭ ئىنسان ئېڭىغا، تەپەككۇرىغا ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىغا مەدەت بېرىش ئارقىلىق ئىنسانىنى شۇ سۈپەتلىرىگە لايىق كامالەتكە يېتەكلەيدىغان ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش پۈتۈن دۇنيا، جۇملىدىن مىللىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلە ھەم ۋەزىپە بولۇپ قالدى. ھازىر كۆپلىگەن مۇسۇلمانلىرىمىز بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنىنى، شۇنداقلا يەن-مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىر مىللەتنىڭ ھەر جەھەتتىن تەرەققىي تېپىشىدىكى ئاساس ئىكەنلىكىنى تونۇماقتا. مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىرلار ۋە ئۆز يۇرتىدىمۇ غەيرەت-جاسارىتىگە، يەم-پاراستىگە تايىنىپ بېيىغان بايلار بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ۋە ئەۋلادلارنىڭ كېيىنكى بەخت-سائادىتى يەن-مائارىپنىڭ گۈللىنىشىگە باغلىق دېگەن چۈشەنچە ۋە ئىشەنچتە چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭلا ھەممىنى قىلىپ بېرىشىگە قاراپ تۇرماي، قەتئىي ئىرادە ۋە مەردلىك بىلەن مەكتەپ سېلىپ، ئاتىغىنىنى مەرىپەتكە ئىئانە قىلىپ، جەمئىيىتىمىزنى زىلزىلىگە سېلىپ، ھەربىر مۇسۇلمان ئەۋلادىنى مەرىپەتكە، تەرەققىياتقا ئۈندەپ، خەلق قەلبىدە ئۆچمەس ئابىدە تىكلىمەكتە.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقىپ كېتىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇھاجىر، مەرىپەتپەرۋەر زات **قۇربان ئابدۇللا ھاجىم** بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا چوڭ بولغان ئانا ۋەتىنى، ئانا يۇرتىنى، شۇنداقلا ۋەتەنىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئېسىدىن چىقارماي، ئۇلۇغ بىر نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ۋەتەنگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى ئۆسمۈر بالىلارغا بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلاپ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك دەرۋازا ئالدى باشلانغۇچ مەكتىپىگە، يەنى ئۆزى بۇرۇن بالىلىق،

ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە بىلىم ئالغان ئانا مەكتىپىگە بىر يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى سېلىپ بېرىش ئىرادىسىگە كەلگەن. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ۋە يېڭىدىن ئوقۇتۇش بىناسى سېلىنىدىغان ئورۇننى تەييارلاپ بېرىشى نەتىجىسىدە قۇربان ئابدۇللا ھاجىم 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى 1997-يىل ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى ھارپىسىدا شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن. قۇربان ئابدۇللا ھاجىمنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى، مىللىتىنى ئىسسىدىن چىقارماي، مىللىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقانلىقىنى ئۇنىڭ پۇل تاپقاندا ئۇلۇغۋار ئىشنى كۆزلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇپ، جاھان تەرەققىياتىنى كۆزىتىپ، پەن-مائارىپ ۋە تەلىم-تەربىيىنىڭ بىر مىللەتنىڭ ساپاسىغا ۋە دەۋر تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم رولىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

يەنە مەلۇم بولۇشىچە، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرى داچا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق يەككە ترانسپورت كەسپىي ئائىلە باشلىقى، مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات **مەخەت ئېلى ھاجىم** بېيىغاندا ئەلنى، نامرات قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇماي، يۇرتىنىڭ تېخىچە قالاق ھالەتتىكى مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشنى، بەزى مەكتەپلەرنىڭ ناچار شارائىتىنى ياخشىلاشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قىلىپ، ئۇمىد قۇرۇلۇشىغا ئۆزى بىۋاسىتە ئاتلانغان. 1994-يىلى ئۆز يېنىدىن 200 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، سېرىقبۇيا يېزىسىغا بىر مەكتەپ سېلىپ بەرگەن. بۇ مەكتەپ ئوقۇش باشلىغان بىر يىل ئىچىدە مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، قىيىنچىلىق بولسا ھەل قىلىپ تۇرغان؛ 1995-يىل 2-مەۋسۇملۇك ئوقۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى "غۇنچە مۇكاپاتى" تەسىس قىلىپ، مەۋسۇم ئاخىرىدا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلىغان، جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلارنى ھەقسىز ساياھەت قىلدۇرغان؛ 1997-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆزى سېلىپ بەرگەن مەكتەپكە يەنە 20 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئېلېكترلەشكەن بىر ئوقۇتۇش سىنىپى ۋە ئامبار سېلىپ بەرگەن، 8-ئايدا يەنە ئۆز يېنىدىن 50 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، بۇ مەكتەپكە يەنە ئىككى تەجرىبىخانا سېلىپ بەرگەن. مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ مائارىپ ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان بۇ مەرىپەتپەرۋەرلىك روھى دىيارىمىزدىكى مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ چوڭقۇر قەدىرلىشىگە ۋە ئۆرنەك ئېلىشىغا ئەرزىيدۇ. پەن-مائارىپ ئارقىلىق يۈكسىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەخىرسىز ھېس قىلىش، بىلىم بىلەن قوراللىنىش، ساپانى ئۆستۈرۈش، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر مۇسۇلمانى سۈپىتىدە بۇ زاماننىڭ تەرەققىيات رىقابىتىگە قاتنىشىش مىللىتىمىزنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا ھەققىي مۇناسىپ كېلىدىغان شەرەپلىك، ئۇلۇغ ئىش بولۇپ قالدى. شەخسىيەتچىلىككە بېرىلىپ كەتكەن بەزى بايلارنىڭ خۇسۇسىيلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان روھىغا ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ ھەر خىل قاراش ھەم گەپ-سۆزلىرىگە قارشى ھالدا مەرىپەت ئىشلىرىغا ئۆزىنىڭ ھالال بايلىقىنى ئاتىغان ۋە كوللېكتىپقا پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى مەجبۇرىيەت بىلىپ قىلىدىغان ئەنە شۇنداق ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ مەيدانغا كېلىشى مىللىتىمىز ئۈچۈن چوڭ شەرەپ. ئۇلارنىڭ بۈيۈك ساۋابلىق ئىشلىرى، شەك-شۈبھىسىزكى، ئىككىلا ئالەمدە كاتتا مۇكاپاتقا مۇيەسسەر بولىدۇ؛ شۇنداق مۇسۇلمانلىرىمىزغا ئاللاتائالا بەرىكەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

(ئەنۋەر مۇھەممەد)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 3-قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئاچتى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 3-قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى 1997-يىل 10-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە قەشقەر شەھرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) دىكى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، تەكلىپ بىلەن قاتناشقان دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى، ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ باش كاتىپلىرى ۋە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ تالىپلىرى بولۇپ 170 نەپەر كىشى ئىشتىراك قىلدى.

ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى مۇھەممەت ئىسرائىل ھاجىم ئېچىلىش مۇراسىمىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇۋەلى ھاجىم يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەردى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى مۇھەممەد ئەخلەت، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مەتىمىن ئوسمان، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رىشت نىياز، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمام ھەسەن قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مەتىمىن ئوسمان ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈستىدە ئالتە تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىن جەريانىدا ھەيئەتلەر پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى روھىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىگەن مۇھىم سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ قىزغىن، ئەستايىدىل مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر يىللىق ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى بىردەك مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ماقۇللىدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئوتتۇرىغا قويغان مۇناسىۋەتلىك "قارار" ۋە "پىكىر"لەر ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىرى تولۇقلاپ سايلاندى.

خەلق قۇرۇلتىيى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئوسمان قاسىم، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا باشتىن-ئاخىر قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. (ياقۇپ ھاجىم مۇھەممەد)

# قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋىلايەت بويىچە 3-قېتىملىق دىنىي زاتلارنىڭ “ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇش، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىش” تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئاچتى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-قېتىملىق دىنىي زاتلارنىڭ “ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇش، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىش” تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى 1997-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە قاغىلىق ناھىيىسىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سادىق قارىي ھاجىم، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئابدۇۋەلى ھاجىم، ئابلىمىت ماموت ھاجىم ۋە ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى، ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى، ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇپ، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلغان دىنىي زاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ھەمدە قاغىلىق ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى بولۇپ 80 نەپەر كىشى قاتناشتى.

يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇۋەلى ھاجىم رىياسەتچىلىك قىلدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلىمىت ماموت ھاجىم سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى. سادىق قارى ھاجىم ۋىلايىتىمىزدە “ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇش، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىش” مۇسابىقە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغان ئۈچ يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى خۇلاسە قىلدى ھەمدە بۇ پائالىيەتنى 2000-يىلغىچە ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى خىزمەت تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. توققۇز نەپەر دىنىي زات ۋەكىلى ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇپ، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. يىغىندا يەنە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى مۇھەممەد ئەخلەتنىڭ يازما نۇتقى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ تۆت يېزا (بازار) لىرى ۋە ناھىيە ئىچىدىكى ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن بازارغا يۈزلىنىپ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇپ، جەمئىيەت، خەلق ۋە ئۆز جايلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان ئىلغار دىنىي زاتلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى نەق مەيدانغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇردى.

يىغىندا ۋىلايىتىمىز بويىچە بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان مارالبېشى، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، يوپۇرغا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ۋىلايىتىمىزدىكى دىنىي زاتلار ئىچىدە ھالال ئەمگەك بىلەن باي بولۇپ، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلغان قاسىم قارىي ھاجىم، ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجىم قاتارلىق 25 نەپەر دىنىي زات ۋەكىلى شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە

www.uyghurkitap.com

# قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئاچتى

قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنى 1997-يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش زالىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. ناھىيىگە تەۋە 20 يېزا (بازار) دىن كەلگەن 50 نەپەر ھەيئەت ئەزا بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى ۋە ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمام ھەسەن ھاجىم، شەمشىدىن جىڭ زىجۇن ھاجىم، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ياقۇپ ھاجىم مۇھەممەد قاتارلىقلار يىغىنغا كېلىپ مۇبارەكلىدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئابلىمىت قارىي قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىگەمبەردى چاۋ لو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابلىمىت مامۇت ھاجىمنىڭ 1-قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە رەھبەرلەرنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەمدە قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى، يىغىندا مۇناسىۋەتلىك ”تەشەببۇسنامە“ ۋە ”قارار“ ماقۇللاندى.

(ياقۇپ ھاجىم مۇھەممەد)

---

ماددىي بۇيۇملار بىلەن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

يىغىنغا ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى، قاغىلىق ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئابدۇغوپۇر قادىر، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابدۇرېشىت توختى قاتارلىق رەھبەرلەر تەكلىپ بىلەن قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

(ياقۇپ ھاجىم مۇھەممەد)

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى ئۆتكۈزدى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 1997-يىل 11-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە ئاتۇشتا ئۆتكۈزۈلدى.

ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ھەسەنبەك تۇردى، ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لو جىنچاڭ، ئوبلاستنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت ھەسەن، ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى جۇماخۇن قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خەن گوجاڭ، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەردىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ گۇڭخەن، مۇدىرى ئابلىز ئابدۇكېرىم، سوڭ جەنسىڭ قاتارلىقلار يىغىنغا كېلىپ، يىغىنغا قاتناشقان ئەزالارنى يوقلىدى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى جارۇللا قارىي ھاجىم يىغىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. يىغىندا پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى روھى ھەم ئاپتونوم رايون ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدا ئېچىلغان مۇناسىۋەتلىك يىغىنلار روھى ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىندى. ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى رازىق نۇر جەمئىيەتنىڭ نۆۋەت ئالماشقاندىن بۇيانقى ئۈچ يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات بەردى ھەمدە بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر ھەققىدىكى بىرقانچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەزالار خىزمەت دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلىپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى قانات يايدۇرۇش ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈشتى. مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ھۈسەيىن ھاجىم ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندا نۇقتىلىق ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى يەتكۈزۈلدى ھەمدە يىغىن روھىنى ئاپتونوم رايون ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرۇش مۇزاكىرە قىلىندى. ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى قارىي ھاجىم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان ئىچكىرىكى ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ كېلىپ ئالغان تەسىراتىنى سۆزلەپ ئۆتتى. يىغىندا يەنە مۇناسىپ قارار ماقۇللاندى.

(رازىق ھاجىم)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان دىنىي زاتلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك "ۋەز ئېيتىش بويىچە تاللاش مۇسابىقىسى" 1997-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنى تۇرپان شەھىرى بازار ئىچى ئىتتىپاق خۇيزۇ مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى تاللاش مۇسابىقىسىگە ۋىلايەت بويىچە ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىن ئۇيغۇر، خۇيزۇ مىللەتلىرىدىن 11 نەپەر ۋەز ئېيتقۇچى، پېشقەدەم دىنىي زاتلاردىن ئالتە نەپەر باھالىغۇچى ۋە 20 نەپەر سىرتتىن قاتناشقۇچى بولۇپ، جەمئىي 38 كىشى قاتناشتى. ۋىلايەتلىك مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ جىنگاڭ ھاجى، شەھەرلىك مىللەتلەر دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن مۇسابىقىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. بۇ نۆۋەتلىك "ۋەز ئېيتىش بويىچە تاللاش مۇسابىقىسى"نىڭ باھالاش ھەيئەتلىكىنى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرەھىم قارىي ھاجى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىدىن كېيۇر ھاجى داموللام، جۇ مىڭسەن ھاجى ئاخۇن، غوجامنىياز قارىي ھاجىم، نىزامىدىن داموللا ھاجىم قاتارلىق ئۆلىما ۋە مەشھۇر ئاخۇنلار ئۈستىگە ئالدى.

"ۋەز ئېيتىش بويىچە تاللاش مۇسابىقىسى"گە قاتناشقان ۋەز ئېيتقۇچى دىنىي زاتلار «ئىسلام دىنى ۋە ئىتتىپاقلىق». «ئىلىم مەرىپەت ۋە پەن-تېخنىكا». «ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەب-ئەخلاق قائىدىلىرى». «ئاتا-ئانىغا ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش». «قۇرئان كەرىم ۋە ئىسلام دىنى» دېگەن مەزمۇنلاردا ئايرىم-ئايرىم. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ. ئۆزلىرىنىڭ تەييارلىغان ۋەز ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. مۇسابىقىنىڭ ئاخىرىدا! باھالاش ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئەستايىدىل نومۇر قويۇپ باھالىشى بىلەن تۇرپان شەھىرىدىن سىراجىدىن ئابدۇرەھىم، توقسۇن ناھىيىسىدىن بەي ئاخۇننىڭ ۋەزلىرى نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە يوللاشقا تاللاندى.

بۇ قېتىمقى "ۋەز ئېيتىش بويىچە تاللاش مۇسابىقىسى" ۋىلايىتىمىزدە تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، ۋىلايەت دائىرىسىدە زور تەسىر قوزغاپ، ئومۇميۈزلۈك ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

(شاھمەردان ئىمىننىياز)

## ئاكتىپ مۇشتەرىلەر

1996-يىلدىن باشلاپ، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا ئىزچىل مۇشتەرى بولۇپ كېلىۋاتقان باي ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاممىسى 1998-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا 1400 نۇسخىدىن ئارتۇق مۇشتەرى بولدى.

(ھەسەن ئابدۇۋەلى)

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى خوتەن ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى روھىنىڭ جايلاردا ئىزچىللىشىش، ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە ئۇلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمام ھەسەن، مۇئاۋىن باش كاتىپى جىڭ زىجۇن قاتارلىق يولداشلار 1997-يىل 10-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە خوتەن ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇلار ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كېرىيە، چىرا، قاراقاش ناھىيىلىرى، خوتەن شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ناھىيە (شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى. ئۇلار بارغانلا يېرىدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى، ئىسلام جەمئىيىتى باش كاتىپلىرىنىڭ تەشكىللەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىشى بىلەن، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى، دىنىي اتلار ۋەكىللىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ. ئاپتونوم ايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتى ؛-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ روھىنى ۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسىنى چۆرد-ـىگەن ھالدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى: يىغىن جەريانىدا دىنىي زاتلارنىڭ 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ىلغان سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ىرلەشتۈرۈپ پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ ئىزچىللىشىش، ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ھەققىدە بەرگەن تەكلىپ-پىكىرلىرىنى، شۇنداقلا ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش. ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئەزالىرىدىن ۋە دىنىي زاتلاردىن 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىگەن سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئامما ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ. ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا. ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ چىقىرىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇلار يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى ۋە ياش، ئابرۇيلۇق دىنىي زاتلار ۋەكىللىرىنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى ھەمدە بىر قىسىم دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئىمام ھەسەن، جىڭ زىجۇن قاتارلىق يولداشلار يەنە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ئىشلەۋاتقان يولداشلاردىن ھال سورىغاندا. ئۇلاردىن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمەتلىرىدە يېڭى. ياخشى ۋەزىيەت يارىتىشنى، شۇنداقلا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ژۇرنالنى كەڭ مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ ياخشى ئوقۇشلۇقىغا. دىلكەش دوستىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

(سادىر تۇرسۇننىياز)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ♥ ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر ♥

**ئۈرۈمچى شەھىرىدىن:** **ئابدۇۋاھىت ئەمەت** (بېيجىڭدا تىجارەتچى) 1000يۈەن؛
**ئابلىھېكىم ھاجىم ئىبراھىم ھاجى** (بېيجىڭدا تىجارەتچى) 1000يۈەن؛
**تۇرسۇن قارىي ئابابەكرى ھاجى** (بېيجىڭدا تىجارەتچى) 1000يۈەن؛

**بېيجىڭ مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدىن:** **ياسىن ئەسەيدۇللا** (ھازىر تىجارەتچى) 1000يۈەن؛

**ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىن:** **بەختىيار قادىر** (بېيجىڭدا تىجارەتچى) 1000يۈەن؛

**قەشقەر شەھىرىدىن:** **ئىسمائىل ياقۇپ، مۇھەممەت تۇرسۇن يۈسۈپ:** 51 يۈەن؛

## ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئىئانىچىلەر خېتى ۋە ئىئانىچىلەر ئىسىم شەرىپى

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا نەشر قىلىنىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، **ئاقسۇ كونىشەھ**[ەر] ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى بۇ ژۇرنالنى قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇپ كەلدى ۋە ژۇرنالدىن بەھرىمەن بولغا[ن] دىنىي زاتلار، بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاممىسى بۇ ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىدىن ئالغان ھوزۇر ۋە تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ، [...] ژۇرنالنىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىرىلىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ھەمدە بۇ ژۇرنالنىڭ بۇندىن كېيىنكى سانلىرىن[ى] تېخىمۇ كۆركەم چىقىرىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىنى تېخىمۇ ياخشى نادىر ئەسەرلەر بىلەن تەمىن ئېتىشكە قىزغى[ن] ئۈمىد باغلاپ، ئاز بولسىمۇ ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلىدى. ئىئانىچىلەر تۆۋەندىكىچە:

① ناھىيىلىك پاختا كەندىر شىركىتىدىن: **ئەمەت ماموت ھاجىم** 100 يۈەن؛
② ئىسلام جەمئىيىتىدىن: **ئالىم قارىي ھاجىم** 50 يۈەن؛
③ **ئىمىن قارىي ھاجىم** 50 يۈەن؛
④ گۈلئاۋات يېزىسىدىن: **مۇھەممەت ھوشۇر ھاجىم** 50 يۈەن؛
⑤ ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىن: **دايىم داۋۇت** 35 يۈەن؛
⑥ ناھىيە بازىرىدىن: **ئابلەھەق قارىي ھاجىم** 30 يۈەن
⑦ توخولا يېزىسىدىن: **مۇنىياز قارىم** 30 يۈەن؛
⑧ قىزىل يېزىسىدىن: **ئىبراھىم مۇنىياز ھاجىم** 30 يۈەن
⑨ جاغراق يېزىسىدىن: **ئابلاخان ھاجىم** 30 يۈەن؛
⑩ قىرمىش ئاتا مازىرىدىن: **سىدىق قارىي ھاجىم** 20 يۈەن
⑪ جامى يېزىسىدىن: **مۇھەممەت ئىمىن قارىي ھاجىم** 30 يۈەن
⑫ **تۇنىياز ھېيت** 10 يۈەن

**جام يېزا ئىككى تۈمەن (ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى تۈمەن) كەنتىدىن:**

① **ئىبراھىم قارىي ھاجىم** 20 يۈەن؛
② **ياسىن تۇردى** 10 يۈەن؛
③ **ئىمەر ئىمىن** 10 يۈەن؛
④ **يۇنۇس مەزىن** 10 يۈەن؛
⑤ **سىدىق يۇنۇس** 10 يۈەن؛
⑥ **جۇمە مەتىمىن** 10 يۈەن؛
⑦ **توختى ئوسمان** 10 يۈەن؛
⑧ **موللانۇر مەتنىياز** 10 يۈەن؛
⑨ **نورتوگار** 10 يۈەن؛
⑩ **توختىنىياز ئادىل** 10 يۈەن؛
⑪ **ياسىن توختى** 10 يۈەن؛
⑫ **تۇراپ ئىمام** 10 يۈەن؛
⑬ **تۇرسۇن يۇنۇس** 10 يۈەن؛
⑭ **تۇراپ مۆمىن** 10 يۈەن؛
⑮ **ئابدۇكېرەم ئۈمەر**7 يۈەن؛
⑯ **توختى ئىسكەندەر** 5 يۈەن؛
⑰ **مەمتاۋلا ئىدرىس** 5 يۈەن؛
⑱ **ئىسلام ئىسمائىل** 5 يۈەن؛
⑲ **ماموت قايىم** 5 يۈەن؛
⑳ **ئەمەت مۇھەممەت** 5 يۈەن؛
㉑ **مەخسۇت روزى** 5 يۈەن؛
㉒ **توختىنىياز يۈسۈپ** 5 يۈەن؛
㉓ **موللا داۋۇت ساۋۇت** 5 يۈەن؛
㉔ **موللا تۇردى سابىت** 5 يۈەن؛
㉕ **توختى قارىي** 5 يۈەن؛
㉖ **ئىمەر تۇردى مەمەت** 5 يۈەن؛
㉗ **ھەسەن قارىم** 5 يۈەن؛
㉘ **سايىم شاۋاز** 5 يۈەن؛
㉙ **زوبىدون بۇلبۇل** 5 يۈەن؛
㉚ **تەك تۇردى** 4 يۈەن؛
㉛ **دايىم سەيدۇل** 3 يۈەن؛
㉜ **ئوسمان موللا** 3 يۈەن؛
㉝ **ئىبراھىم ئىسمائىل** 3 يۈەن؛
㉞ **مۇھەممەت مۇسا** 3 يۈەن؛
㉟ **دابىت ماموت** 2.20 يۈەن؛
㊱ **توختىمەمەت ساۋۇت** 2 يۈەن
㊲ **موللا روزى ھەسەن** 2 يۈەن
㊳ **موللاساق يۇنۇس** 2 يۈەن؛
㊴ **ھوشۇر يۇنۇس** 2 يۈەن.

توپلاپ ئەۋەتكۈچى: ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىن: دايىم داۋۇ[ت]

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى يۇقىرىدىكى ئىئانىچىلارغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر ئېيتىدۇ، ئاللاتائالا ئۇلارغا ئىككى ئالەملى[ك] بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!



سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ھەج ۋەزىرى دوكتور مەھمۇد بىننى مۇھەممەد سەفەرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 1997-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ، ھەج ۋەزىرى بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ، 1998-يىللىق ھەج ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتى. سۆھبەتلىشىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئۈستىدە پىكىر بىرلىكىگە كەلدى. سۈرەتتە ئىككى تەرەپ سۆھبەت خاتىرىسى نۇسخىسىنى ئالماشتۇرۇشماقتا.

(سۈرەتنى مۇسا تارتقان)



ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ 8-قا...
ئاخۇنلار كۇرسى كۇرسانتلىرىنىڭ
... تاماملاش مۇراسىمى 1997-
11-ئاينىڭ 28-كۈنى ئىسلام
...تى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو
...لام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام
...ستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىرى سالىھ
...بى ئاخۇن، مۇھەممەد ھەنەفى
...اۋبىن، نۇئىمان ما شيەن،
...ەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن
خالىد ياڭ زۈڭشەن قاتارلىقلار ۋە
...لام ئىنستىتۇتىنىڭ بارلىق
...تالىپلىرى مۇراسىمغا قاتناشتى.
...ردا رەھبەرلەر كۇرسانتلار بىلەن
سۈرەتكە چۈشتى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 3-قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى 1997-يىل 10-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. سۈرەتتە چوڭ يىغىن مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش.





شىنجاڭدىن بېيجىڭغا كېلىپ، ھالال
تىجارەت قىلىپ بېيىغان ۋە بېيجىڭ شەھى
يېمەك-ئىچمەك ۋە سودا-مۇلازىمەت ئىشلىرىنىڭ گ
راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشقان تىجارەتچىلەردىن ئابدۇ
ئەمەت، ئابلىھېكىم ھاجىم ئىبراھىم ھاجى، ي
ئەسەيدۇللا، تۇرسۇن قارىي ئابابەكرى ھاجى، بە
قادىرلار تەھرىر بۆلۈممىزگە كېلىپ «جۇڭگو مۇسۇلمانل
ژۇرنىلىغا ئىئانە ئاتىدى.

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 1996-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن بۇيان
ناھايىتى تېزلا كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، شۇنداقلا ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش
ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي بىلىملەر ۋە ئىبادەت-رەسمىيەتلەرنى بىرلىكك
كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى ۋە مەلۇم تەسرگ
ئىگە ئۇيغۇرچە بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ قالدى.

مەزكۇر ژۇرنال 16 فورماتلىق، 64 بەتلىك (رەڭلىك مۇقاۋىسى بىلەن 68 بەتلىك) پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ، ھەر يىل
تۆت سان چىقىدۇ. ژۇرنالنىڭ تاق باھاسى ئۈچ يۈەن، يىللىق باھاسى 12 يۈەن(پوچتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىللىق سانلىرىغا داۋاملىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ، كېچىكىپ مۇشتەرى بولغۇچىلارغا كەم سانلىر
تولۇقلاپ ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. مۇشتەرىلار ژۇرنالدىكى ئادرېس بويىچە تەھرىر بۆلۈممىزگە بىۋاستە مۇشتەرى بولسا بولىدۇ
ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996-يىللىق توپلىمىدىن ئالغۇچىلار پۇلنى يوللاپ بەرسە دەرھال توپلام ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. توپلامنىڭ باھاس
15 يۈەن (پوچتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىللىق شەرەپلىك مۇشتەرىلىرى

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابدۇۋاھىت ئەمەت
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابلىھېكىم ھاجىم ئىبراھىم ھاجى
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): تۇرسۇن قارىي ئابابەكرى ھاجى
بېيجىڭ مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدىن (ھازىر تىجارەتچى): ياسىن ئەسەيدۇللا
ئاقسۇ ئۇچتۇرپاندىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): بەختىيار قادىر


ISSN 1007-5836

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» 《中国穆斯林》(维吾尔文版)
1998-يىل 1-سان (ئومۇمىي 46-سان) 1998 年第一期(总 46 期)

ژۇرنالنىڭ 刊号:
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B

9 771007 583001 03>

公开发行 定价: 3.00 元
ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 3.00 يۈەن